

2022 ئاۋغۇست

ئومۇمىي 36-سان

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



قائىدسىز ئۇرۇش

1



چۇمۇلە ۋە رەھبەرلىك

75



رىقابەتچان دوستلۇق

107

ئومۇمىي 36-سان

2022 ئاۋغۇست


# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئىقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.





باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

چۈمۈلىدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك رەھبەرلىك سەنئىتى

ئۆز مەپتۇنلۇقتىن كېلىپ چىققان خاراكتېر بىنورماللىقى 50

## خىتاي تەتقىقاتى

قائىدىسىز ئۇرۇش

## خەلقئارا ۋەزىيەت

ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئافرىقادا قانداق تىركىشىۋاتىدۇ؟

ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئافغانىستاندىن چېكىنىشى توغرىسىدىكى بىر يىلدىن كېيىنكى ئەلرايىغا نەزەر 113

## گۈلىستان

رىقابەتچان دوستلۇقنىڭ ئەجابىي كۈچى

ياپونىيەدىكى بەزى ئۆزگىچىلىكلەر 56















## تارىخ ۋە بىز

36 ۋەتەنپەرۋەر زىيالىلارنىڭ بايراقدارى تۇرسۇن ئەپەندى

98 پۇتىننىڭ مېڭىسى« ئالېكساندىر دۇگىن ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

78 مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە ھاياتى ۋە خىسلەتلىرى

## ساغلاملىق

94 رېماتىزملىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش قوللانمىسى

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

27 چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىجتىمائىي ۋە كۈلتۈرەل سىياستى

63 سورۇنداشلار

خىتاي تەتقىقاتى

# WAR WITHOUT RULES



# قائىدىسىز ئۇرۇش

## روبېرت سپالدىڭ



BRIGADIER GENERAL

ROBERT SPALDING

(US AIR FORCE, RETIRED)

# قائىدىسىز ئۇرۇش

روبېرت سپالدىڭ

**(بېشى ئالدىنقىساندا)**

## خىتايچە ئۇرۇش ئۇسۇلى

**ئۇلارنىڭ ئەسىرنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز ئىشنى چىياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۇيگە ئەسىر قىلغان نۇرغۇن ئوي ـ پىكىرلەردىن باشلىشىمىز كېرەك. بۇ ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ بەزىلىرى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۇلار «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نى يېزىۋاتقان چاغدىكى يېقىنقى ۋەقەلەر سەۋەبىلىك شەكىللەنگەن. غەرب ۋە شەرق كۈلتۈرى ئارىسىدا ــــ بولۇپمۇ خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئۇرۇش مەسىلىسىدە ــــ تۈپ پەرق بار. «ۋېستفالىيە سۈلھى شەرتنامىسى» تۈزۈلگەندىن بۇيان، يەنى ياۋروپادىكى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق چەكلىمىسىز ۋە توگىمەس ئۇرۇشلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن نازۇك كېلىشىملەرنى تۈزگەندە، غەرب دۆلەتلىرى خەلقئارا تالاش ـ تارتىشلارنى دىپلوماتىك ئۇسۇلدا ــــ ئەگەر ئۇ كارغا كەلمىسە، ئۇرۇش ئارقىلىق ــــ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تارقاق مەسىلىلەر، دەپ قارىدى. گېرمانىيەنىڭ ھەربىي نەزەرىيەچىسى كارل ۋون كلاۋسېۋىتزنىڭ (Carl von Clausewitz) ئىككى ئەسىر ئىلگىرى ئېيتقىنىدەك: «ئۇرۇش سىياسەتنىڭ باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق داۋاملىشىشىدۇر.» بۇ خىل تۇتۇم ئامېرىكانىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈشىنىڭ ئاساسى ھەمدە سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى يېتەكچى پرىنسىپى ئىدى.**

**لېكىن، يىراق شەرقنىڭ ــــ بولۇپمۇ خىتاينىڭ ــــ كۈلتۈرىدە، خەلقئارا مۇناسىۋەتكە ئومۇمىيلىق نەزىرى بىلەن قارىلىدۇ ۋە تار نىشانلار ئەمەس، بەلكى چوڭ ۋەزىيەت نەزەرگە ئېلىنىدۇ. سۇنزىدىن ماۋ زېدوڭغىچە بولغان خىتاينىڭ سەركە ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلىرى رەقىبىنى ئۇزۇن مۇددەتتە سەۋرچانلىق بىلەن يېڭىش سەنئىتىگە، ئەڭ ياخشىسى زورلۇق كۈچكە مۇراجىئەت قىلماسلىقتا (بۇ قانداقتۇر ئۇلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى تولەيدىغان بەدەلنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشنى ئويلىغانلىقىدىندۇر، ت) ئەھمىيەت بېرىدۇ. نۇرغۇن جەھەتلەردە بۇ كلاۋسېۋىتزنىڭ مەۋقەسىگە قارىمۇقارشى**

بولۇپ، (ختاي كولتۇرىدە) «سىياسەت ئۇرۇشنىڭ باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق داۋاملىشىشىدۇر» دېيىلىدۇ. شۇنداقلا، (بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە) سىياسەت مەڭگۈلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇشمۇ مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

«چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ ئاپتورلىرى بۇ پەرقلەرنى چۈشىنىدىغان تارىخ پەنلىرى ئوقۇغۇچىلىرىدۇر. دەرۋەقە، ھەربىي كۈچ ئىشلىتىش جەھەتتىكى سەنئەت ۋە پەننى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر بىلەن دىپلوماتىيە ياكى باشقا مۇھىم كونتەرتىپلەر ئۈچۈن ھەربىي كۈچ ئىشلىتىشنى چەكلەيدىغان سىياسىيونلار ئوتتۇرىسىدا دائىم جىددىيلىك ئۆزۈلمەيدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ختاي كومپارتىيەسى باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، غەرب ئەللىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ خىل جىددىيلىك ختاي سۇيىئىستېمال قىلىدىغان پۇرسەتكە ئايلاندى.

غەرب ئەللىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ «قورال ساندۇقى»دىكى سۇھبەتلىشىش، قارشىلىشىش، جازا يۈرگۈزۈش ياكى زورلۇق تېپىلغاندا ئۇرۇش قىلىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارغا مۇراجىئەت قىلىشقا مايىل بولدى. بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىپلوماتلاردىن تارتىپ سودا سىياستى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلەرگىچە بولغان ھەر خىل مۇتەخەسسىسلىرى بار بولۇپ، ئۇلار تەبئىي ھالدا ئۆز ساھەسىنى ئەڭ مۇھىم دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ختاي بۇ خىل توقۇنۇش ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى «بارلىق زورلۇق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئاتامانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش»تىن ئىبارەت ئومۇمىي تۈتۈمنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىدى.

پولكوۋنىكلار 1998 ـ يىلىدىكى ماقالىسىدە غەربنىڭ كونا قائىدىلىرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلاپ شۇنداق دېگەن: «1648 ـ يىلىدىكى <ۋېستفالىيە سۈلھى شەرتنامىسى>دىن ۋۇجۇدقا كەلگەن <مىللىي دۆلەت> ئۇقۇمى ئەمدى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە كولتۇر تەشكىلاتلىرىدا ئەڭ يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلەيدىغان بىردىنبىر ۋەكىل ئەمەس ... بىر دۆلەت بىلەن يەنە بىر دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىدىنلا بار بولغان زىددىيەتلەر دۆلەتنىڭ نوپۇزىغا، مەنپەئەتلىرىگە ۋە ئىرادىسىگە مىسلى كۆرۈلمىگەن خىرىسلارنى ئېلىپ كەلمەكتە.»

كىلاۋسېۋىتز 1832 ـ يىلىدىكى زور تەسىر قوزغىغان، ئۇرۇش توغرىسىدىكى ماقالىسىدە غەربنىڭ «تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەندە، ئۇنى ئالدى بىلەن تىنچ ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش، ئۇرۇشنى پەقەت زورلۇق تېپىلغاندا قوللىنىلىدىغان ئاخىرقى چارە سۈپىتىدە كۆرۈش»تىن ئىبارەت باشقا بىر قىسىم ئاساسلىق تۈتۈملىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. غەربنىڭ ئۇرۇش نەزەرىيەسىدە «ئۇرۇش چەكلىك بولۇشى كېرەك» دەپ قارىلىدۇ. كىلاۋسېۋىتزنىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبى 19 ـ ئەسىردىكى ھەربىي نەزەرىيەچى ۋە فرانسىيە گېنېرالى ئانتوينى ھېنرى دې جومىنى (Antoine ـ Henri de Jomini) بولۇپ، ئۇ 1838 ـ يىلى « Précis de l’art de la guerre»نى (يەنى سۇنزىنىڭ «ئۇرۇش سەنئىتى» دېگەن ئەسىرىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى) نەشر قىلدۇرغان. جومىنىغا كۆرە، تالاپەتنى ئازايتىش ئۈچۈن، (ئۇرۇش ئۈچۈن) ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۈچ زورلۇق تېپىلغان ئەڭ تۆۋەن چەكتە ساقلىنىشى كېرەك. رەھبەرلەر قالايمىقان كۈچ ئىشلىتىش ياكى ئەڭ كۆپ زىيان

كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنىڭ ئورنىغا، جەڭگىۋار كۈچلىرىنى دۈشمەننى ئەڭ تېز مۇددەتتە تەسلىم قىلدۇرالايدىغان ھەل قىلغۇچ نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك. جومىنىنىڭ مەقسىتى ئۇرۇشنى دۆلەتنىڭ سىياسىي نىشانىدا ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈرۈش ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دەپ يازغان:

«بىز بىر قوشۇننى جەڭگاھقا ئاتلاندى دەپ پەرەز قىلايلى: قوماندانىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى دۆلەت رەھبىرى بىلەن ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى جەھەتتە بىردەكلىك ھاسىل قىلىش بولۇشى كېرەك. ئاندىن ئۇ چوقۇم جەڭگاھنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشى ھەمدە دۆلەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ چېگراسىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، ئەڭ مۇۋاپىق ئۇرۇش بازىسىنى تاللىشى كېرەك.»

خىتاي پولكوۋنىكلىرىنىڭ مەۋقەسى ئۇشبۇ غەرب نەزەرىيەچىلىرىنىڭكىدىن بەكلا پەرقلىق. كلاۋسېۋىتزغا ئوخشىمايدىغىنى، ئۇلار «بىر دۆلەت چەكتىن ئېشىپ زوراۋانلىق ئۇرۇشى قوزغاشتىن ئىلگىرىمۇ، ئۆزى بېكىتىۋالغان چەكلىمىلەردە چىڭ تۇرۇۋېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قارايدۇ. ئۇلار جومىنىغا ئوخشاشلا، ئۆز قىلمىشىغا چەك قويۇش ئۈچۈن يېتەرلىك سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ بىر دۆلەتنىڭ پۇت ـ قوللىرى بوغۇشلىنىپ قېلىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان «ئۆزىگە چەك قويۇش»تۇر.

پولكوۋنىكلارنىڭ ئۇرۇشقا بولغان كۆز قارىشىنىڭ پەرقلىق بولۇشىنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، خىتاي كۈلتۈرى ئۇرۇشنى غەربكە قارىغاندا تېخىمۇ ئەتراپلىق تەبىرلەپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ دىققىتى ئۇزۇن مۇددەتلىك ــــ كۆپىنچە مۈجمەل ــــ نىشانلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا بۇ نىشانلار قىسقا مۇددەتلىك غەلىبىنى ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ «شان ـ شۆھرىتى»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. (خىتاي نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا) ئەڭ مۇھىمى رەقىبىڭىزنى مەغلۇب قىلىش بولۇپ، ئاساسلىق ئۇسۇلىڭىزنىڭ ھەربىي، دىپلوماتىك ياكى ئىقتىسادىي بولۇشى مۇھىم ئەمەس.

بۇ خىل ئىدىيەنىڭ تارىخىنى تەخمىنەن 2500 يىل ئىلگىرى ياشىغان خىتاي ھەربىي ئىستراتېگىيەچى، سەركەردە ۋە پەيلاسوپ (ياكى كىلاسسىك ئەسەرگە تۆھپە قوشقان بىر قانچە ئىستراتېگىيەچىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن) سۇنزىنگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. (سۇنزىنىڭ ئەسىرى بولمىش) «ئۇرۇش سەنئىتى»نىڭ شۇنچە ئەسىر مابەينىدە خىتاي سۇلالىلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە يىمىرىلىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ھەرقانچە تەرىپلىسىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. مەسىلەن، (خىتاي تارىخىدىكى) ھەل قىلغۇچ «ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى»دە (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 475 ~ 221 ـ يىللىرى)، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى ئىتتىپاق ئالماشتۇرۇش، مەخپىي ۋەزىپە ۋە خىيانەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى، شۇنداقلا ئۇلاردىن كېيىنكى جەڭچىلەر، سىياسىيونلار ۋە سودىگەرلەر سۇنزىنىڭ «ئۇرۇش سەنئىتى»نى ئۆگەندى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاشقا تىرىشتى.

سىز ئىنتېرنېتتىن سۇنزىنىڭ ئىستراتېگىيەنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلىرىگە ئالاقىدار نەقىللەرنى تاپالايسىز. ئەمما، ماڭا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىئىنەزىرى: «ئۇرۇش پەقەت دۆلەت

مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە دۈشمەنلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك تىرىشچانلىقنىڭ بىر قىسمىدۇر» دېگەندىن ئىبارەت. تۆۋەندىكى نەقىللەر ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈڭ: قارىماققا نۇرغۇن كىشىلەر (ئۇقۇشتىن بۇرۇن) چوقۇم قورال كۈچى ئىشلىتىشكە ئالاقىدار دەپ قارىغان بىر كىتابقا نىسبەتەن، مۇنۇ تەشەببۇسلار تولىمۇ «تىنچلىقپەرۋەر» كۆرۈنىدۇ:

* «كۈچلۈك ۋاقتىڭىزدا ئاجىز، ئاجىز ۋاقتىڭىزدا كۈچلۈك كۆرۈنۈڭ.»

* «دۈشمەننى ئۇرۇش قىلماي بويسۇندۇرۇش ئالىي ئۇرۇش سەنئىتىدۇر.»

* «غالىپ جەڭچىلەر ئاۋۋال غەلىبە قىلىپ، ئاندىن ئۇرۇشقا كىرىدۇ. مەغلۇپ جەڭچىلەر بولسا ئاۋۋال ئۇرۇشقا كىرىپ، ئاندىن غەلىبە قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.»

* «ھېچبىر مىللەت ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشتىن نەپ ئېلىپ باققان ئەمەس.»

* «بارلىق ئۇرۇشلار ئالدامچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ھۇجۇم قىلىشقا قادىر بولغاندا، چوقۇم كۈچسىز كۆرۈنۈشىمىز؛ كۈچىمىزنى ئىشلەتكەندە چوقۇم ھەرىكەتسىز كۆرۈنۈشىمىز؛ دۈشمەنگە يېقىنلاشقاندا، ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەندۈرۈشىمىز؛ دۈشمەندىن يىراقتىكى چاغلىرىمىزدا بولسا، ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ تولىمۇ يېقىندا ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەندۈرۈشىمىز كېرەك.»

• «(ئۆزۈڭدىكى) بىرەر ئەۋزەللىكنى كۆرمىسەڭ ھەرىكەتكە ئۆتمە! ئەگەر ئېرىشكۈدەك غەنىيمەت بولمىسا، قوشۇن تارتما! (قولغا كىرگۈزۈلۈش كۆزلەنگەن) ئورۇن ھالقىلىق بولمىسا ئۇرۇش قىلما.»

• «ئاقىل سەرۋاز جەڭدىن قاچىدۇ.»

سۇنزىنىڭ پەلسەپىسىنىڭ بۇنچە زور تەسىرگە ئىگە بولۇشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى شۇكى، ختاي ئەزەلدىن تولىمۇ چوڭ بولۇپ، سىرتقى تاجاۋۇزچىلاردىن، بولۇپمۇ شىمالدىكى موڭغۇللاردىن مۇداپىئەلىنىشى قىيىن ئىدى. تاشقى تاجاۋۇزغا بولغان بۇ خىل تەشۋىش مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (1368~1644 ـ يىللىرى) سەددىچىن سېپىلىنىڭ كەڭ كۆلەمدە مۇستەھكەملىنىشىگە سەۋەب بولغان. ئەمما ئۆزئارا ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان ختاي بەگلىرى موڭغۇللارنى يىراقلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زېھنىنى ئىچكى سىياسىي نىزا، سۇيىقەست ۋە توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىتتىپاقداشلىققا مەركەزلەشتۈرگەنىدى. ئۇشبۇ خىرىسلار ئۇلارنىڭ قەتئىي زۆرۈرىيەت بولمىسىلا ئۇرۇشتىن ساقلىنىش خاھىشىنى كۈچەيتكەن ھەمدە ئۇلارنى ئىتتىپاق تۈزۈشكە، زۆرۈر تېپىلغاندا رەقىبلىرىنى مال ـ دۇنيا بىلەن ئىندەككە كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرغان. بۇ ئەنئەنە تا بۈگۈنگىچە ختايلارنىڭ ئۇرۇشقا بولغان كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

ئەسلىدە ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىدە كۈرەشچى ئايروپىلان ئۇچقۇچىسى بولغان، ھەربىي ئىستراتېگىيەچى جون بويد (John Boyd) 1986 ـ يىلى بەشبۇرجەكلىك بىنادا سۆزلىگەن «تونۇش

ئەندىزىلىرى» نامىلىق داڭلىق دوكلاتىدا سۇنزىنىڭ تەسىرىنىڭ (ختايدا) ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدا توختالغاندى. ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئادەتتە غەربتىكى قوماندانلار جەڭگاھتا غەلبە قىلىشقا ئەھمىيەت بەرسە، ختاي قوماندانلىرى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى رەقىبلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشنىڭ ــــ ئەڭ ياخشىسى ئۇرۇش قىلىشقا ھاجەت قالدۇرماسلىقنىڭ ــــ يوللىرىنى ئىزدەيدۇ. ئۇلار سۇنزىنىڭ تۆۋەندىكىدەك كونا، ئەمما ھېلىھەم ئۈنۈملۈك تاكتىكىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشتىن ساقلىنىشقا ئۇرۇنىدۇ:

* دۈشمەننىڭ ئارتۇقچىلىقى، كەمچىلىكى، ھەرىكەت ئەندىزىسى ۋە مۇددىئاسىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەشكىللىنىشىنى ۋە ئورۇنلاشتۇرمىسىنى تەكشۈرۈش.

* دۈشمەننىڭ پىلانى ۋە ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دۇنياغا بولغان كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش.

* دۈشمەن قوشۇنىغا بىۋاسىتە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ (باشقىلار بىلەن بولغان) ئىتتىپاقداشلىقىنى بۇزۇش.

• ئەگەر ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلسە، قوشۇننى تېزدىن توپلاپ، ئۇنىڭ ئاجىز نۇقتىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش.

فرانسىيە پەيلاسوپى ۋە ختايشۇناس فرانچويىس جۇلىيېنمۇ (François Jullien) ختاينىڭ «ئۇرۇشسىز غەلبە قىلىش» ئەنئەنىسىنى تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ 2004 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۈنۈم نەزەرىيەسى: غەرب بىلەن ختاينىڭ تەپەككۇرى ئارىسىدا» (A Treatise on Efficacy: Between Western and Chinese Thinking) ناملىق كىتابىدا كلاۋسېۋىتزغا ئوخشاش غەرب ئىستراتېگىيەچىلىرىنىڭ ئالدىن «ئۇرۇش پىلانى» تۈزۈۋالمىغان ئەھۋالدا ئۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. بۇ پىلان «پۈتكۈل ئۇرۇش قىلمىشىنىڭ رامكىسى»غا ئايلانغان بولۇپ، رېئاللىق مۆلچەردىكىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە چەتنەپ كەتكەن ھامان، بۇ پىلانلار غەرب ئارمىيەسىنى پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. جۇلىيېن بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

قەدىمكى ختايلار بىزگە ئىمكانقەدەر ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىشنىڭ، ئاندىن شۇ ۋەزىيەت يۆنىلىشىگە ئەگىشىپ مېڭىشنىڭ كۆپايە ئىكەنلىكىنى تەلقىن قىلىدۇ ... ختاي تەپەككۇرىدا پۈتكۈل رېئاللىق قانۇنىيەتلىك، ئۈزلۈكسىز جەريان دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، ئۇ نوقۇل ھالدا تەسىرچان ئامىللار (يەنى ھەم ئۆزئارا زىت، ھەم بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان «مۇئەننەس» ۋە «مۇزەككەر» «阴阳»)نىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. تەرتىپ ــــ كىشى دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلەيدىغان ۋە شەيئىلەرگە تەدبىقلىيالايدىغان ئاللىقانداق ئەندىزىدىن مەنبەلىنىدۇ، دەپ قارالمايدۇ...

ختاي دانىشمىنى (سۇنزىنى دىمەكچى) ئەزەلدىن ئۆز زاتىدا بىر مۇددىئاغا ئىگە بولغان ياكى ئۆزى ئالىي مۇددىئا (بەخت)غا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە تامامەن شەخسىيەتسىز (ئوبيېكتىپ) تەپەككۇر پائالىيىتى بولغان ساپ بىلىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ نەزىرىدە، «دۇنيا» پەرەز ئوبيېكتى ئەمەس. بۇ بىر جەھەتتە «بىلىم»، يەنە بىر جەھەتتە «قىلمىش» مەسىلىسىمۇ ئەمەس. ئەنە شۇ ۋەجىدىن، ختاي تەپەككۇرىدا ــــ مەنتىقىگە ئۇيغۇن ھالدا ــــ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ نادانلىقتىن ياكى ساددىلىقتىن بولماستىن، بەلكى ختاي تەپەككۇرى ئەتەي مەركۇر ئۇقۇمدىن ئۆزىنى قاچۇرغان.

## كوممۇنىستلارنىڭ ئۇرۇش ئۇسۇلى

«قائىدىسىز ئۇرۇش» پەلسەپىسىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان سۇنزىدىنمۇ ئىلگىرىكى تارىخىي ئۆرنەكلەر مەۋجۇت. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 638 ـ يىلى، سوڭ ۋە چۇ بەگلىكلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تالاشقان ۋە ئىككى بەگلىكنىڭ قوشۇنلىرى خوڭ دەرياسى بويىدا ئۇچراشقان. گەرچە چۇ قوشۇنلىرى كۆپلۈك بولسىمۇ، ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن دەريادىن ئۆتۈشكە مەجبۇر ئىدى. سوڭ بەگلىكىنىڭ بەزى سەركەردىلىرى چۇ قوشۇنىنىڭ تۈنجى تۈركۈم ئەسكەرلىرى قىرغاققا چىققان، قالغانلىرى دەريادىن ئۆتۈۋاتقان پەيتتە ھۇجۇم قىلىپ، رەقىبلىرىنى چۆچۈتۈۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەن. ھالبۇكى، بۇ ئەينى چاغدىكى «ھۇجۇم باشلىنىشتىن بۇرۇن سەپ تۈزۈلۈپ بولغان بولۇشى كېرەك» دەيدىغان (دوگما) ھەربىي ئادەتكە خىلاپ بولغاچقا، سوڭ شياڭگوڭ (宋襄公) مۇشاۋىرلىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماي، رەقىبلىرىنىڭ قىرغاققا تولۇق چىقىپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان ۋە نەتىجىدە مەغلۇپ بولۇپ، ئېغىر يارىلانغان. ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى تارىخىي ساۋاققا ئايلانغان. ختاي پەيلاسوپى خەن فېيزى (韩非子) بۇنى «ھەققانىيلىق ئاپىتى» دەپ ئاتىغان. ماۋ زېدوڭمۇ سوڭ شياڭگوڭنى خوڭ دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇشتا «چوشقىغا ئوخشايدىغان ھاماقەتلەرچە مېھرىبانلىق ۋە پەزىلەت»نى ئىزھار قىلغان، دېگەن. بەلكىم بۇ چەكلىمىسىز ئۇرۇشنىڭ مەنبەسى بولۇشى مۇمكىن.

پولكوۋنىكلار يەنە يېقىنقى دەۋردىكى ختاينىڭ ئۇرۇش نەزەرىيەسىدىنمۇ ئۆرنەك ئالغان. ماۋ زېدوڭ 1949 ـ يىلى كوممۇنىستىك ئىنقىلابنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، ختاينىڭ بەش مىڭ يىللىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىغانىدى. ئۇ قەدىمكى ختاي پەلسەپەسى ۋە تارىخىنى ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىدى ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ «خەلق ئۇرۇشى» ئۇقۇمىغا تەدبىقلىغانىدى. ئۆزىنى مۇددەتتىن قارىغاندا، «خەلق ئۇرۇشى» ئۇقۇمى ختاينى يەرشارىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ھۆكۈمران كۈچكە ئايلاندۇراتتى. ماۋ زېدوڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ غەرب ختاينى مۇپتىلا قىلغان بارلىق ھاقارەتلەردىن، جۈملىدىن «ئەپيۇن ئۇرۇشى» مەزگىلىدە ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ختاي پورتلىرىنى

ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىدىن؛ ياۋروپانىڭ 1912 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە سەۋەب بولغان بېسىمىدىن؛ ياپونىيەنىڭ كورېيەنى ۋە مانجۇرىيەنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقىدىن؛ 20 ـ ئەسىردىكى خىتاي ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە، غەربنىڭ جياڭ جيېشىنى قوللىغانلىقىدىن ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاشقا رازى ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، ماۋ زېدوڭ ئۆزىنىڭ تەرتىپلىك، ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانىنى غەربنى مەغلۇب قىلىشنى مەقسەت قىلغان «يۈز يىللىق مارافون» دەپ سۈپەتلىگەنىدى. شۇنداقلا، ئۇ كېيىنكى ئەسىردە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئامېرىكا، ياۋروپا ياكى باشقا چوڭ كۈچلەر بىلەن بىۋاستە ھەربىي تىركىشىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەنىدى. بۇ ئومۇمىي ئىستراتېگىيە ماۋ زېدوڭنىڭ دىققىتىنى ئىچكى پروجېكتلارغا، جۈملىدىن 1958 ـ يىلى ئىقتىسادنى سانائەتلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»كە ۋە يەر ئىسلاھاتىغا قارىتىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. لېكىن، بۇ ئۇرۇنۇش كۆتكەنىنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بېرىپ، 1959 ~ 1961 ـ يىللىرىدىكى چوڭ ئاچارچىلىقتا نەچچە ئون مىليون ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. «يۈز يىللىق مارافون» يەنە 1966 ~ 1976 ـ يىللىرىدىكى رەھىمسىز «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»غا سەھنە ھازىرلىدى. ھالبۇكى، مەزكۇر ئىنقىلاب خىتاينىڭ ئىقتىسادى، كۈلتۈرى ۋە شەخسىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كونتروللۇقىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، مىليونلىغان پۇقرالارغا تەھدىت سالدى، «قايتا تەربىيە»لىدى ۋە ئۆلتۈردى.

1950 ـ ۋە 1960 ـ يىللاردىكى بارلىق مالىمانچىلىقلار داۋامىدا، ماۋ زېدوڭ غەرب بىلەن بىۋاستە ھەربىي توقۇنۇشتىن ساقلىنىشقا ئۇرۇندى. ئۇنىڭ خىتايىنى «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوممۇنىزم ئىتتىپاقىدىكى كىچىك ھەمراھى» دەپ سۈپەتلىشى غەربنىڭ «خىتاي نىسبەتەن زىيانسىز ۋە قالاق، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا سېلىشتۇرغاندا تەھدىتى تېخىمۇ تۆۋەن» دېگەن تونۇشىنى كۈچەيتتى. ماۋ زېدوڭ ستالىن ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكاسى ۋە باشقا جايلاردىكى بولغۇسى كوممۇنىزم ئىنقىلابلىرىنى قوللىغانلىقىدىن خۇشال ئىدى ھەمدە خىتاي بۇ جەرياندا نامرات ۋە ئاجىز قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى.

گەرچە 1950 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان شىمالىي كورېيە ئۇرۇشىدا ئۈچ مىليونغا يېقىن خىتاي ئەسكىرى ۋە پۇقراسى شىمالىي كورېيە ئارمىيەسىنى قوللىغان بولسىمۇ، ئەمما ماۋ زېدوڭ بۇ جەرياندا بىر مىليونغا يېقىن ئادەمنىڭ ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، «يۈز يىللىق مارافون» ئارقا كۆرۈنۈشىدە، مەزكۇر ۋاكالەتچى ئۇرۇش بايلىقنى قورقۇنچلۇق دەرىجىدە خوراتقانلىق دەپ يەكۈن چىقارغان. يەنە شۇنىڭدەك، ۋېيتنام ئۇرۇشى مەزگىلىدە خىتاينىڭ نەچچە مىليارد دوللار سەرپ قىلىپ شىمالىي ۋېيتنامنى ھەربىي جەھەتتىن قوللىشى ناباب دىققەت چېچىش دەپ قارالدى.

1967 ـ يىلىغا كەلگەندە، خىتاي ئۆزىنىڭ يادرو پروگراممىسىغا بىنائەن تۇنجى ھىدروگېن بومبىسىنى ياساپ چىقتى. ئەمما، ماۋ زېدوڭ ھېچقاچان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان غايەت زور يادرو قورال ئامبىرىغا ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنمىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئامېرىكانى تەيۋەن ياكى شىمالىي كورېيەگە

مۇداخىلە قىلىشتىن توسۇپ قالالىغۇدەك، ئەمما خىتاينىڭ ئاساسىي بايلىقلىرىنى خورىتىۋەتمىگۈدەك مىقداردا يادرو باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياساش ئىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زىيادە كۆپ ھەربىي خىراجەت سەۋەبلىك ۋەيران بولغانلىقىدىن ۋە دۇنيا مىقياسىدا يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىشىنى تەرغىب قىلغان رەزىل قۇتراتقۇ سۈپىتىدە تەنقىدلەنگەنلىكىدىن خۇشال ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي خاتىرجەم ھالدا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە يادروسىز ھەربىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە زېھىن ئاجرىتالايتتى.

ماۋ زېدوڭنىڭ 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا نىكسون ھۆكۈمىتى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشى، جۈملىدىن پرېزىدېنت رىچارد نىكسون ۋە دۆلەت سېكرېتارى ھېنرى كىسسىنگېرنىڭ ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىنىشى ماۋ زېدوڭنىڭ كېيىنكى ئىستراتېگىيەلىك قالتىس چارىسى ئىدى. (ئەگەر سۆزى بۇلارنى كۆرگەن بولسا) ماۋ زېدوڭنىڭ نىكسوننىڭ ئۇنىڭغا (يەنى ماۋ زېدوڭغا) قارشى تاشقى سىياسەت غەلىبىسىگە بولغان تەلپۈنۈشىدىن قانداق پايدىلانغانلىقى سۆزنىنىمۇ پەخىرلەندۈرگەن بولاتتى. خىتاي كومپارتىيەسى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا بويۇن ئېگىش ئارقىلىق، ئامېرىكانىڭ مەبلىغىگە ۋە تېخنىكىسىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكانىڭ خىتاي توغرىسىدىكى «تەھدىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىدىن خېلىلا تۆۋەن بولغان تەرەققىي قىلمىغان دۆلەت» دېگەن تونۇشى تېخىمۇ كۈچەيدى. نىكسون ھۆكۈمىتى خىتاينى «ئاچقانلىقى» بىلەن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاندى ـ يۇ، ئۇزۇن مۇددەتتىن قارىغاندا، بۇنىڭ ئامېرىكادىن بەكرەك خىتايغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىدى. بۇ ئۆرۈش قىلمايلا دۈشمەننى يېڭىشنىڭ، جۈملىدىن باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق دىپلوماتىيە ۋە سودىدىن ئۆرۈش سۈپىتىدە پايدىلىنىشنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدا، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى مۇقىمسىزلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى ئىستراتېگىيەسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە خىتاينى قوللىدى. ئامېرىكا شىركەتلىرى خىتايدا بارغانسېرى كۆپلەپ سودا قىلىشقا باشلىدى. ھالبۇكى، بۇ «سىياسىي، سودا ۋە ھەربىي توقۇنۇشلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ئاز ياكى تامامەن يوق» دەپ قارايدىغان ئامېرىكاچە تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى ئىدى. شۇنداقلا، ئامېرىكا سىياسىيونلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خىتاينىڭ مۇستەبىت ۋە دېموكراتىيەگە قارشى تۈزۈمىنى ھەمدە ئۇنىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى كۆرمەسكە سالدى. كۆپ ساندىكى ئامېرىكالىقلار «خىتاينىڭ كاپىتالىزم ۋە ئەركىن سودىنى قوبۇل قىلىشى مۇقەررەر ھالدا خىتاينى ئەسلىدىكىدىن ئەركىنلەشتۈرىدۇ ۋە ئاددىي خىتاي پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايدىغان كەلگۈسى ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولىدۇ» دەپ قارايتتى.

ئەپسۇسلىنارلىقى، ئامېرىكا سىياسىيونلىرى، سىياسەت مۇتەخەسسىسلىرى، شىركەت خوجايىنلىرى ۋە مەبلەغ سالغۇچىلار ئارىسىدىكى بۇ ئورتاق تونۇش ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. 1976 ـ يىلى ماۋ زېدوڭنىڭ ئۆلۈشى؛ 1978 ـ يىلى دېڭ شياۋپىڭنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئالىي رەھبىرى» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى؛ 1980 ـ يىللاردا خىتاينىڭ چەتئەل مەبلىغى ۋە يەرشارىۋى سودىدىن بارغانسېرى كۆپلەپ نەپ ئېلىشى ۋە خىتاي ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى

جەرياندىمۇ بۇ خىل سۇبيېكتىپ ئارزۇ ئىزچىل داۋاملاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي كومپارتىيەسى تەدرىجىي ھالدا دېموكراتىيەگە قاراپ مېڭىشنىڭ ئورنىغا، پۇقرالىرىنىڭ ھاياتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى قاتتىق تىزگىنلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، كىشىلىك ھوقۇق، پۇقرالار ئەركىنلىكى ياكى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى پۈتۈنلەي رەت قىلدى.

ئاندىن 1989 ـ يىلىدىكى تيەنئەنمېن مەيدانى كرىزىسى يۈز بەردى ۋە شۇنىڭ ئارقىدىن «چەكلىمىسىز ئۆرۈش»قا يول ئاچقان ئون يىل باشلاندى.

## تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ ئاسارەتلىرى

1989 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلانغان ئۈچ ھەپتە ئىچىدە، ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار ۋە پۇقرالار ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئادەتتىكى خىتاي پۇقرالىرى بېيجىڭدىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تيەنئەنمېن مەيدانىغا يىغىلىپ، دېموكراتىيە ۋە پۇقرالار ھوقۇقىنى قوللاش يۈزىسىدىن نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىش 4 ـ ئايدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىسلاھاتپەرۋەر باش سېكرېتارى خۇ ياۋباڭنىڭ (胡耀邦) ئۆلۈمىدىن كېيىن باشلانغانىدى. ئون يىل داۋاملاشقان ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتىن كېيىن، خىتاي بازار ئىگىلىكىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىسلاھات ئادەتتىكى پۇقرالارغا ئەمەس، پەقەت خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچكى خادىملىرىغىلا نەپ يەتكۈزۈۋاتقاندەك قىلاتتى ۋە بۇ ئەھۋال نۇرغۇن خىتايلارنى ئەنسىزلىككە سالغانىدى. ئۇلارنىڭ پۇل پاخاللىقى، چىرىكلىك ۋە سىياسىي مەسىلىلەرگە ئىشتىراك قىلىش چەكلىمىسى قاتارلىق باشقا جەھەتلەردىمۇ نارازىلىقلىرى بار ئىدى.

مەيداندىكى نامايىشچىلار سېپى ئىزچىل زورىيىپ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يۇقىرى چەككە يەتتى. خىتاي كومپارتىيەسى كوممۇنىستىك ئىنقىلابتىن كېيىنكى قىرىق يىلدا بۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان نامايىشنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. مەيداندىكى كۆندىلىك ۋەقەلەر، بولۇپمۇ نامايىشچىلارنىڭ «ئايال ئەركىنلىك ئىلاھى»نىڭ ھەيكىلىگە تەقلىد قىلىپ، كۆپۈك كاۋچۇك ۋە قەغەز بوتقىسىدىن 33 فۇت ئېگىزلىكتە ھەيكەل تىكلىشى دۇنيا مىقياسىدا تاراتقۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇلار بۇ ھەيكەلنى «ئايال دېموكراتىيە ئىلاھى» دەپ ئاتىغانىدى. دۇنيا مىقياسىدىكى كۆزەتكۈچىلەر خىتايدىكى بۇ ۋەقەنىڭ ئامېرىكانىڭ (مۇستەقىللىق يىلى بولمىش) 1776 ـ يىلىغا ياكى فرانسىيەنىڭ (چوڭ ئىنقىلاب پارتلىغان) 1789 ـ يىلىغا باراۋەر كېلىدىغانلىقىغا قىزىقىشماقتا ئىدى.

لېكىن، 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگە كەلگەندە، دېڭ شياۋپىڭ ۋە ئۇنىڭ يېقىن يانتاياقلىرى تيەنئەنمېن مەيدانىنى تازىلاپ، بېيجىڭنى كونترول قىلىشنى، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا قورال كۈچى ئىشلىتىشنى

پىلانلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ھەربىي ھالەت يولغا قويۇلدى، نامايىشچىلار ئۆي ئىچىدە تۇرۇش (مەيدانغا چىقماسلىق) توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇلدى. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر مەيداندا قېلىپ، يېقىنلىشىپ كەلگەن ئارمىيە بىلەن تىركەشتى. 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئارمىيە نامايىشچىلارغا قورال كۆچى ئىشلەتكەندە، «ئايال دېموكراتىيە ئىلاھى»نىڭ ھەيكىلى ۋەيران بولدى. 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، تيەنئەنمېن مەيدانىدا قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان تانكىلارنىڭ ئالدىنى توسقان، تەنھا، نامسىز، نامايەندە خاراكتېرلىك «تانكا توسقۇچى» توغرىسىدىكى ۋىدىيو ۋە سۈرەتلەرنىڭ دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىشى ئارقىلىق، مەزكۇر نامايىشلارنىڭ باستۇرۇلغانلىقى كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىگە ئورناپ كەتتى. «تانكا توسقۇچى»نىڭ كىملىكى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمىتى ھېلىھەم نامەلۇم.

تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئارمىيە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ختاي پۇقرالىرىنىڭ سانى بىر قانچە يۈزدىن ئون مىڭغىچە دەپ مۆلچەرلەنگەن بولسىمۇ، ئەزەلدىن ئېنىق جەزملەشتۈرۈلمىدى. كەم دېگەندە ئون مىڭ نامايىشچى قولغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتتىق جازالانغان بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. (بۇ ۋەقە سەۋەبلىك) ختاينىڭ دۇنيا سەھنىسىدىكى ئىناۋىتى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى.

ھالبۇكى، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتەر ـ ئۆتمەستىن، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى برېنت سكوۋروفتنىڭ (Brent Scowcroft) بېيجىڭدىكى مەخپىي يىغىندا دېڭ شياۋپىڭ بىلەن سالاملىشىۋاتقان سۈرىتى ئاشكارىلاندى. ئېنىقكى، چوڭ بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ نامايىشچىلارنى قىرغىن قىلغان ۋە باستۇرغان ختاي كومپارتىيەسىنى جازالاش نىيىتى يوق ئىدى. گەرچە ئامېرىكا خەلقى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «تانكا توسقۇچى»غا بولغان قايىللىقىنى ئىپادىلىگەن ۋە «دېموكراتىيە ئىلاھى»نىڭ ھەيكىلىنى ياسىغان باتۇرلارغا ھېسداشلىق قىلغان بولسىمۇ، ھۆكۈمىتىمىز بۇ مۇستەبىتلىكنى ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى كۆرمەسكە سېلىشنى قارار قىلدى. ئېنىقكى، چوڭ بۇش ھۆكۈمىتى ئىقتىسادى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ختاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ مۇھىم دەپ قارىغانىدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «كاپىتالىزمنى دۇنيا ئەركىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن مۇھىم ئورۇنغا قويىدى» دەپ ئەيىبلىنىۋاتقاندا، بىر قىسىم (ئاتالمىش) تاشقى سىياسەت مۇتەخەسسىسلىرى ئامېرىكانىڭ بۇ ئىككىسىدىن بىرنى تاللاشقا مەجبۇر ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلىشتى. ئۇلار ئىشەنچ بىلەن «ختاي ئىقتىسادىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشى ۋە گۈللىنىشى تەبىئىي ۋە مۇقەررەر ھالدا ختاينىڭ سىياسىي جەھەتتە تېز سۈرئەتتە ئەركىنلىشىشىگە سەۋەب بولىدۇ» دەپ مۆلچەرلەشتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، «مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ كونتروللۇقىدىكى گۈللەنگەن كاپىتالىستىك ئىقتىساد» ئۇزۇنغا تەسەۋۋۇرغا سىغمايتتى، شۇڭا بۇنداق ئېھتىماللىققا تەييارلىق كۆرۈشنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

ھالبۇكى، بۇ (يەنى «مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ كونتروللۇقىدىكى گۈللەنگەن كاپىتالىستىك ئىقتىساد») دەل دېڭ شياۋپىڭ بىلەن ختاي كومپارتىيەسى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان «بىرىكمە» ئىدى. كېيىن «تيەنئەنمېن ھۆججەتلىرى» دەپ ئاتالغان مەخپىي ھۆججەتلەر ئارقىلىق خەۋەر

تاپقىنىمىزدەك، خىتاينىڭ 1989 ـ يىلىدىكى ۋەقەدىن ئالغان ئاساسلىق ساۋىقى «يۈز بەرگۈسى نامايىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خەلقنى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇش كېرەك. خىتاي كومپارتىيەسى غەربنىڭ سۆز ئەركىنلىكى، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك هوقۇق قاتارلىق خەتەرلىك ئىدىيەلىرىنىڭ خىتايغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تاراتقۇلارنى كونترول قىلىش ۋە خەلقنى ئىدىيە جەھەتتە تەربىيەلەش جەھەتتىكى هوشيارلىقنى ئۆستۈرۈشى كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداقلا، ئۇلار بۇ جەرياندا خىتايغا ئېقىپ كىرىۋاتقان، خىتاينىڭ دۇنياۋى ئىقتىسادىي كۈچكە ئايلىنىشىدا پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولغان غەرب كاپىتالى ۋە تېخنىكىسىدىن ئايرىلىپ قالماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار سىياسەت بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئارىسىغا كۈچلۈك، يىقىلماس تام سېلىشقا موهتاج ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا ئىنتېرنېتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ تام ئىنتېرنېتنى توسۇشنى مەقسەت قىلغان «تور سەددىچىنى»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خىتاي پۇقرالىرى چوقۇم غەربنىڭ خەتەرلىك تور بېكەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە تورىدىن، شۇنداقلا غەربنىڭ رادىيولىرى ۋە يازما ئەسەرلىرىدىن «قوغدىلىشى» كېرەك ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسى خىتاي تاراتقۇلىرىدا ۋە دەرسخانىدا تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى نامايىشنىڭ تىلغا ئېلىنىشىنى قەتئىي چەكلەپ كەلدى. هەتتا، 1989 ـ يىلدىكى ۋەقەلەرنى تىلغا ئېلىشمۇ جىنايەت هېسابلاندى. ئەمما خىتاي رەهبەرلىرى «پارتىيەنىڭ ئېهتىياجىنىڭ خەلقنىڭكىدىن پەرقلىقتەك كۆرۈنۈشكە يول قويۇش ئاپەتتۇر» دېگەن مۇهىم ساۋاقنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

ئامېرىكانىڭ «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دۈشمىنى» ئىكەنلىكى يەنە بىر ساۋاق ئىدى. هەتتا، (خىتاينىڭ نەزىرىدە) ئامېرىكا خىتاي كومپارتىيەسىگە دۈشمەن بولۇپلا قالماستىن، پارتىيەنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا نىسبەتەن بىۋاستە تەهدىت ئىدى. راست ـ يالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ــــ بەزىلەر ئۇنى قورقۇنچلۇق خاتا يەكۈن دەپ قارايدۇ ــــ بۇنداق قىلىش (يەنى ئامېرىكانى خىتاي كومپارتىيەسىنى ئاغدۇرۇشنى ئويلايدىغان دۈشمەن قىلىپ كۆرسىتىش) قولايلىق ئىدى. تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى نامايىشنى ئامېرىكاغا دۆڭگەگەندە، خەلقنىڭ دىققىتىنى پارتىيەدىكى چىرىكلىك ۋە ئاممىۋى بۆلۈنۈش مەسىلىلىرىدىن بۇرۇۋەتكىلى بولاتتى. شۇنداقلا، «ئامېرىكا خىتاينى يەنە بىر قېتىم هاقارەتلىدى» دېيىش «يۈز يىللىق مارافون»نىڭ سىنارىيەسىگىمۇ ماس كېلەتتى. ئەمما بۇ چاغدا خىتاي ئاجىز ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە، بەك كۈچلۈكمۇ ئەمەس ئىدى ـ يۇ، لېكىن قولىدىكى كېلىدىغان ۋاستىلەر ئارقىلىق (ئامېرىكادىن ئىبارەت) بۇ دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇپ بېقىشقا قادىر هەم هېرىسمەن ئىدى. (ئەنە شۇ رەۋىشتە) 1989 ـ يىلى يېڭى سوغۇقچىلىقى ئۇرۇشى باشلاندى، گەرچە هېچكىم بۇ هەقتە بىزنى ۋاقىپلاندۇرمىغان بولسىمۇ.

## كىتابنى ئوقۇش

كېيىنكى بابلاردا مەن چەكلىمىسىز ئۆرۈشنىڭ مۇھىم قىسىملىرىنى ئۆزۈندە شەكلىدە بايان قىلىپ ئۆتىمەن ۋە ئۇلارنى ئىزاھلايمەن. مەن بەك ئۆزىراپ كەتكەن، گاھىدا كىشىنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدىغان، تېمىدىن چەتنەپ كەتكەن قىسىمەن جايلارنى قىسقارتىۋەتكەندىن سىرت، ئىككى نەپەر ئەدەبىياتچى پولكوۋنىكنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ۋە تەپەككۇرىنى ئىمكانقەدەر ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتىم. بۇ كىتابنىڭ خىتايچە نەشرى يېڭى نەشردىن چىققان چاغدا (ئۇ ھېلىھەم كىتابخانىلاردا ۋە ئامازوندا ئاشكارا سېتىلىدۇ)، ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ «چەتئەل رادىيوسى ئۇچۇرلىرى باشقارمىسى» تەرىپىدىن ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، قىسىمەن ئىبارىلەر (دەل جايىغا چۈشۈرۈلۈپ ئەمەس) يېقىن كەلگۈدەك قىلىپلا تەرجىمە قىلىنغان. ئەمما ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پولكوۋنىكلار مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىگەن. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئۆز سۆزىنى ـــ يەنى خىتاينىڭ بىر ئەۋلاد ھەربىي ۋە سىياسىي رەھبەرلىرى ئوقۇغان سۆزلەرنى ـــ ئوقۇش ئۇلار يەتكۈزگەن پىكىرلەرنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر. مەن ئۇلارنىڭ بىر قىسىم نەسرىي بايانلىرىنىمۇ ئۆز پېتى ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. چۈنكى، «تېخنىكا ئىنسانلارنىڭ پۇتىدىكى <سىھرلىك ئاياغ>غا ئوخشايدۇ» دېگەندەك ئىبارىلەر ھەربىي تەلىماتلاردىن ئەمەس، بەلكى قەدىمىي خىتاي شېئىرىيىتىدىن كەلگەندەك قىلاتتى.

ئاپتورلار غايەت زور داۋالغۇش مەزگىلىدە يەر شارىۋى ۋەقەلەرگە ـــ بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى ـــ بولغان ئۆتكۈر تونۇشىنى نامايان قىلغان ھەمدە ئۆز ئارقا كۆرۈنۈشىنىمۇ ياخشى ئىپادىلەپ بەرگەن. مەن كىتابتىن ئالغان بۆلەكلەرگە بەلگە قويدۇم ۋە ئەسلى باب ماۋزۇلىرى ۋە تارماق ماۋزۇلارنى ئۆز پېتى ساقلاپ قالدىم. بەزىدە زۆرۈر تېپىلغاندا پاكىت ۋە مەزمۇن قوشۇش ئۈچۈن تېكىست ئىچىگە تىرناق ئاچتىم.

مەن ئۇلارنىڭ تىل ئۇسلۇبى ۋە پۇرىقىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتىم، ئەمما ئارتۇقچە مەزمۇنلارنى ۋە بىر قىسىم ئېنىقسىز نەزەرىيەلەرنى چىقىرىۋەتتىم. ئاندىن ئۆزئارا باغلىنىشچانلىقى توغرىسىدا توختالدىم ۋە ئۇلار تەتقىق قىلغان ئاساسىي تەلىماتلارنىڭ بىز خىتاي كومپارتىيەسىدىن كۆرۈۋاتقان قىلمىشلاردىن قانداق ئالدىن بېشارەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم. مەن «خىتاي كومپارتىيەسى» دېگەن نۇقتىنى تەكىتلەيمەن، چۈنكى بۇ خىتايغا قارشى كىتاب بولماستىن، بەلكى خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى كىتابتۇر. ئەمەلىيەتتە، مەن بىز يېتەرلىك كۈچ بىلەن كومپارتىيەگە قارشى كۈرەش قىلساق، خىتاينىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ 1999 ـ يىلى نەشر قىلىنغانلىقىنى ۋە شۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن يېزىلغانلىقىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇشىڭىز كېرەك. ئۇ ھەم ئالدىغا، ھەم ئارقىغا نەزەر سالىغان كىتابتۇر. «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ ئاپتورلىرى تارىخنى ۋە خىتاينىڭ مەۋجۇت ئىستراتېگىيەسىنى

شەرھلىگەن، شۇنداقلا تېخنىكا جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان بىر دۇنيانىڭ يېتىپ كېلىشىنى مۆلچەرلىگەنىدى. كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئۇلار خىتايىنى تېخى يەرشارىۋى كۈچ ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي ئېشىشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ۋە پات يېقىندا مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىشنى باشتىن كەچۈرىدىغان دۆلەت دەپ قارايتتى. غەرب ئەللىرى خىتاينىڭ گۈللىنىشكە باشلىغانلىقىدىن ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ياخشى ئەزاسىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرگەنلىكىدىن خۇشال ئىدى. لېكىن، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ غەرىزى باشقا ئىدى.

## ئۈچىنچى باب: تېخنولوگىيەنىڭ «سېھىرلىك كەشى»

2021-يىلى 9-ئايدا، ئامېرىكا فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ (FBI) باشلىقى كرىستوفىر رېي (Christopher Wray) ئامېرىكا پارلامېنتىدا، ئامېرىكادىكى قانۇن ئىجرائاتىغا بولغان تەھدىتنى مۇھاكىمە قىلىپ، ھازىر ئامېرىكادا خىتاينىڭ جاسۇسلۇقىغا ئالاقىدار 2000 دىن ئارتۇق دېلونىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى راستچىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدى. «بىز ھەر 12 سائەتتە خىتايغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى بىر تەكشۈرۈشنى باشلايمىز، بۇ تەكشۈرۈشلەر مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى شتاتلارنىڭ ئىقتىسادىي ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەيدۇ رېي. «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نى يازغان پولكوۋنىكلار بۇ خىل ھالەتتىن پەخىرلەنمەي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇلار ئۆز ئەسىرىنىڭ بىرىنچى بابىدا مۇنداق ئىككى ئاچقۇچلۇق نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

(1) ئامېرىكا خىتاينىڭ دۈشمىنىدۇر (2) تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى خىتايىنى بۇ دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىدىغان قورالغان ئىگە قىلماقتا. ئۇلار ئامېرىكانى ھەربىي جەھەتتە تېخنىكىغا بەكلا تايىنىپ قالغانلىقىغا قارىماستىن، تېخنىكىنىڭ ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان «يېڭى تىپتىكى ئۇرۇش»تا قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە، مۇمكىن بولغان ھامان (ئەھمىيىتى توغرىسىدا داۋراڭ سېلىنغان) ئۇشبۇ تېخنىكىلارنى ئوغرىلاش ئۇرۇشنىڭ زۆرۈر ۋەزىپىسى ئىدى.

لېكىن، بايلىقى يېتەرسىز بىر دۆلەت (يەنى خىتاي) ئۈچۈن، تېخنىكا پەقەتلا ئىشنىڭ باشلىنىشى، جۈملىدىن «ئامېرىكانى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈش»تىن ئىبارەت تېخىمۇ چوڭ نىشانغا يېتىشتىكى ۋاستىدۇر. ئۇلار ئۆز دۈشمىنى (ئامېرىكا)نى تەتقىق قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە باشلىغانىدى.

**ئاپتورلار خىتاينى بۇ خىل غەيرىي ھەربىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تولىمۇ ماس كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئامېرىكاغا ئوخشاش دۆلەتكە نىسبەتەن، دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ ۋەزىپىسى ئۆز ۋەتىنىنى، خەلقىنى، ئىتتىپاقداشلىرىنى ۋە ئاساسىي قانۇنىنى قوغداشتۇر. لېكىن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى دۆلەت ئارمىيەسى بولماستىن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قوراللىق قانىتىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسلىق ــــ ئەمەلىيەتتە بىردىنبىر ــــ فۇنكسىيەسى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر. ئۇلارنىڭ كۆنتەرتىپىدە خىتاي خەلقىنىڭ ئېھتىياجى بار دېگەن تەقدىردىمۇ، تولىمۇ ئارقىدا تۇرىدۇ.**

**بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، چياۋ لياڭ ۋە ۋاڭ شياڭسۈيدەك پولكوۋنىكلار تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا سىياسىي خادىملاردۇر. ئۇ ئىككىلىسى ھەربىي ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇشنى تامامەن سىياسىي ئۇقۇم دەپ قارايدىغان مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ بۇرچى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى ئۆز پۇقرالىرىغا ۋە باشقا ئەللەرگە تېڭىشىغا يانتاياق بولۇشتۇر. گەرچە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئامېرىكانىڭ سادام ھۈسەيىن ۋە سلوبودان مىلوشېۋىچقا (Slobodan Milošević) ئۆز ئىرادىسىنى تاڭغان چاغدا قىلغىنىدەك، تېخىمۇ ئىلغار قورال ۋە قوشۇننى ئىشقا سالسا، بۇ نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى تېخىمۇ ئاسان بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما (خىتايغا نىسبەتەن) ئەمدى بۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى. ئۇلار (ئۆز ئەسرىدە) ئۆز ئىرادىسىنى يېڭى ئۇسۇللار ئارقىلىق باشقىلارغا تاڭىدىغان يېڭىچە دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچنى تەسۋىرلىگەنىدى.**

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ كىرىش سۆزىدىن**

**ستالىن تولىمۇ شۇم نىيەتلىك بىلەن: «بىز كاپىتالىستلارنى دارغا ئاسقاندا، ئۇلار بىز (ئۇلارنى دارغا ئېسىشتا) ئىشلىتىدىغان ئارغامچىنى بىزگە سېتىپ بېرىدۇ» دېگەنىدى. بەلكىم بۇ بەكلا مۇبالىغە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ستالىن ئۆزىنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.**

... كىممۇ تەسەۋۋۇر قىلالىسۇنكى، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققىشى بىلەن بارلىق سىنارىيەلەرنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، جاھانغا پاتماي قالغان رولچى ئۆزىنىڭ بۇ خىل تەڭداشسىز رولنى ئېلىۋاتقان ئاخىرقى ئارتىس ئىكەنلىكىنى تۇيۇقسىزلا بايقاپ قالدى. شۇنداقلا، ئۇ سەھنىدىن چۈشمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭغا ئەمدى باش رول ئالالماسلىق ئېھتىماللىقىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكى، ئەڭ كەمدە سەھنىنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالىدىغان بىردىنبىر رولچى ئەمەسلىكى ئېيتىلدى. سىزچە شۇ چاغدىكى ھېسسىيات قانداق بولار؟

بەلكىم، بۇ خىل ھېسسىياتنى ئەڭ چوڭقۇر ھېس قىلغىنى ھەرزامان قۇتقۇزغۇچى، ئوت ئۆچۈرگۈچى، دۇنيا ساقچىسى، تىنچلىق ئەلچىسى قاتارلىق روللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىشنى ئويلايدىغان ئامېرىكالىقلار بولۇشى مۇمكىن.[1] («چەكلىمىسىز ئۇرۇش» 41~40 ـ بەتلەر)

**ئامېرىكا ئۆزىنىڭ يەرشارىۋى كۈچىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇۋاتقان پەيتتە، چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي قارام ۋە مەنتىقىگە زىت تۇتۇمنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تۇتۇم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا يىلتىز تارتىشقا باشلىدى ۋە شى جىنپىڭنىڭ «ئامېرىكا چۆكۈۋاتقان كۈچتۇر» دېگەن سۆزى بىلەن تەڭ ئەۋجىگە چىقتى. چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا غايەت زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، «ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن تېز ۋە توسقۇنسىز غەلىبىسى ئامېرىكىنىڭ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ئۆزىنى دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى ھەربىي كۈچ، دەپ قارىشىغا سەۋەب بولدى» دەپ قاراشتى. ئۇلارنىڭ يادرولۇق تەپەككۇرى شۇ ئىدىكى، ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل ئۆز ـ ئۆزىگە تەمەننا قويۇشى خىتاينىڭ غەيرىي ھەربىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يەرشارىدىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈشى ئۈچۈن غايەت زور پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئامېرىكىنىڭ 1990 ـ يىللاردىكى ئاساسەن توسقۇنسىز ئۇتۇقلىرى ئۇلارنىڭ چۆكۈشىگە زېمىن ھازىرلىدى، ھالبۇكى خىتاي بۇ خىل شارائىتتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنالايتتى.**

**بۇ ئىككى ئاپتور يەنە پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ 1990 ـ يىللىرىدا يۈز بەرگەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى كوممۇنىست دۆلەتلەرنىڭ يىمىرىلىشى، مىلوشېۋىچنىڭ كوسوۋودىكى مەغلۇبىيىتى، ھەتتا ئىنتېرنېتنىڭ گۈللىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق چوڭ ۋەقەلەرنىڭ پىلتىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار ئەگەر سادام ھۈسەيىننىڭ قوشۇنلىرىنى كۇۋەيتتىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىنكى كۆرەڭلىك بولمىغان بولسا، شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ ھېچبىرى يۈز بەرمىگەن بولاتتى، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى پولكوۋنىكنىڭ ئامېرىكانى «چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى ھاكاۋۇر ئارتىس» دەپ سۈپەتلىشىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر نۇقتىدۇر. خىتاينىڭ يېڭى ئەۋلاد — بولۇپمۇ ھەربىي ساھەدىكى — رەھبەرلىرى ئامېرىكادىن قاتتىق نەپرەتلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ خىل نەپرەت تا بۈگۈنگىچە ئىزچىل كۈچىيىپ كەلدى.**

[1] ئوقۇرمەنلەرنىڭ «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نى ئەسلى ھالىتى بويىچە چۈشىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن، كىتابنىڭ ئەسلى تېكىستىدىن ئېلىنغان مەزكۇر نەقىللەردە «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ ئېنگلىزچە تەرجىمىسىدىن ئەمەس، بەلكى خىتايچە ئەسلى نۇسخىسىنىڭ «چاڭجياڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى» تەرىپىدىن 2014 ـ يىلى قايتا نەشر قىلىنغان «15 يىللىق خاتىرە نۇسخىسى»دىن پايدىلىنىلدى. — تەرجىماندىن

«قۇملۇق بورىنى» (ئامېرىكانىڭ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىكى، ئىراققا قارشى ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ كود ئىسمى، ت) ئەسكەندىن كېيىن، سام تاغا (ئامېرىكانى دېمەكچى) تەرىپلەشكە ئەرزىگۈدەك غەلىبىگە ئېرىشىپ باقمىدى. مەيلى سومالى، ياكى بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادا بولسۇن، ئەھۋال ئىزچىل شۇنداق بولدى ... ئىلگىرى قالتىس دەۋر سۈرگەن ھەربىي ۋاستىلەر دۇنيادىكى نۇرغۇن ھەربىيلەرنىڭ كاللىسىدىنمۇ مۆرەككەپ بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، كۇلتۇرەل، دىپلوماتىك، مىللىي، دىنىي قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىزلا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ چەكلىمىلىكلىكىنى ئىپادىلىدى. ھالبۇكى، «ھوقۇق ھەقىقەتتۇر» دەپ قارىلىدىغان بۇ دەۋردە — بۇ ئەسىر (يەنى يىگىرمىنچى ئەسىر)نىڭ كۆپ قىسىم تارىخى مۇشۇ دەۋرگە تەۋەدۇر — بۇلارنىڭ ھەممىسى مەسىلە ھېسابلانمايدىغان مەسىلىلەردۇر. مەسىلە شۇكى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت ئارمىيەسى كۇۋەيتنىڭ قۇملۇقلىرىدا بۇ دەۋرنى ئاياغلاشتۇرۇپ، يېڭى بىر دەۋرنى باشلىدى.[2]

**ئاپتورلار ئامېرىكانىڭ «دۇنيا ساقچىسى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇقۇمنى مەسخىرە قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇقۇم سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»گىچە بولغان ئارىلىقتا سىياسەتچىلەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە تەتقىقاتچىلار ئارىسىدىمۇ قاتتىق تالاش ـ تارتىش قىلىنغانىدى. ئامېرىكا قانداق ۋاقىتتا دىپلوماتىك توقۇنۇشقا ئارىلىشىشى ۋە قانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بولۇشى كېرەك؟ ئۇ قانداق ۋاقىتتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا بويسۇنۇشى ۋە قانداق ۋاقىتتا ئۆز ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك؟ شەرقىي ياۋروپادىكى مىللىي قىرغىنچىلىق ۋە ئافرىقانىڭ قىسمەن جايلىرىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇرۇنۇشلىرى دەۋرىدە، كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسى قانچىلىك ئېغىرلاشسا، ئاندىن ئامېرىكانىڭ ئارىلىششى يوللۇق ھېسابلىناتتى؟**

**1999 ـ يىلى، كىشىلەرنى قوزغۇلاشتۇرىدىغان بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا تېخى ئېنىق جاۋاب تېپىلمىغانىدى. شۇنداقلا، ئاپتورلارنىڭ مۆلچەرلىگىنىدەك، بۇ مەسىلىلەر شۇنىڭدىن كېيىنكى يىگىرمە يىلدا بارغانسېرى ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. سىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ فۇنكسىيەسىنى يوقاتقان بىر دۆلەتكە ئۆز ئالدىغا مۇداخىلە قىلىشى توغرىسىدىكى ئەستايىدىل تەكلىپنى ئاڭلىغان ۋاقتىڭىز قاچان؟ «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» سەۋەبلىك ئافغانىستان ۋە ئىراق بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ھەپىلىشىپ كەتكەنلىكىمىز تۈپەيلى، بىزنىڭ «باشقا دۆلەتلەرنى قايتا قۇرۇش»قا بولغان قىزىقىشىمىز ئاساسەن تۈگىدى.**

ھازىرچە بۇ دەۋرنىڭ ھەربىيلەرنى تۈركۈملەپ ئىشسىز قالدۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ بۇ دۇنيانى ئۇرۇشتىن خالاسمۇ قىلالمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا ئېنىقسىز ئىشلاردۇر. لېكىن، شۇ نۇقتا شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇش ئەسلىدىكى ئۇرۇش بولماي قالىدۇ. بۇ شۇنداق

---

[2] «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» 41 ـ بەت.

دېگەنلىككى، ئەگەر ئىنسانىيەت بۈنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولسا، بۇ ئۇرۇش بىز بىلىدىغان شەكىلدە ئېلىپ بېرىلمايدۇ...

... كىشىلەر تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىشتا ھەربىي زوراۋان ۋاستىلەرنى تېخىمۇ ئاز ئىشلىتىشكە مايىل بولۇشقا ۋە بۇ ھەقتە تەنتەنە قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇرۇش باشقا شەكىلدە، باشقا ساھەلەردە يېڭىدىن مەيدانغا چىقىپ، باشقا ئەللەرنى ياكى كىشىلەرنى تىزگىنلەش ئۈستىكى بار بارلىق كىشىلەرنىڭ قولىدىكى غايەت زور سىر-ھەيۋىگە ئىگە قورالغا ئايلاندى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز سورروس (مەبلەغ سالغۇچى مىلياردېر جورجى سورروس بۇلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلغۇچ مالىيە مەككارى سۈپىتىدە تەكرار تىلغا ئېلىنىدۇ)لارنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا قىلغان پۇل مۇئامىلە ھۇجۇمى، بىن لادېننىڭ ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا قىلغان تېرورلۇق ھۇجۇمى، شۇنداقلا <ئام ھەقىقەت دىنى> مۇرىتلىرىنىڭ توكيو مېتروسىغا قىلغان زەھەرلىك گاز ھۇجۇمى، شۇنداقلا كىچىك مورىسقا (Robert Morris — روبېرت مورىس، ئەڭ دەسلەپكى كومپيۇتېر ۋىرۇسلىرىدىن بىرىنى ياسىغان ماگىستىر ئوقۇغۇچى، ت) ئوخشاشلارنىڭ ئىنتېرنېتتا مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇشىنى يېرىم ئۇرۇش، ئۇرۇشسىمان زەربە، ئىككىلەمچى ئۇرۇش، ياكى باشقا بىر خىل ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى شەكلى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

لېكىن، ئۇلارنى نېمە دەپ ئاتاشتىن قەتئىينەزەر، بۇ ھەرگىز بىزنى ئىلگىرىكىدىن بەكرەك ئۈمىدۋار قىلالمايدۇ. ئۈمىدۋار بولۇشىمىزغا سەۋەب يوق. چۈنكى، نوقۇل مەنىدىكى (ئەنئەنىۋى) ئۇرۇشنىڭ تەسىرىنىڭ ئاجىزلىغانلىقى، ئۇرۇشنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئاتالمىش زامانىۋىلىقتىن ۋە سانائەتلىشىشتىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ، ئۇرۇش تەلتۆكۈس يوقىلىپ كەتمەستىن، تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ يوشۇرۇن، تېخىمۇ زىل شەكىلدە قايتىدىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە سوقۇنۇپ كىردى، خالاس ... باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز ھەربىي زوراۋانلىقنىڭ نىسبەتەن ئازايغانلىقىغا شاھىت بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىي زوراۋانلىق، ئىقتىسادىي زوراۋانلىق ۋە تېخنىكا زوراۋانلىقىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنىمۇ كۆرمەي قالمايمىز. لېكىن، زوراۋانلىق قايسى شەكىلدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇرۇش ھامىنى ئۇرۇشتۇر. ئەگەر بىز يېڭى ئۇرۇش پرىنسىپىنىڭ «قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆز ئىرادىسىنى دۈشمەنگە تېڭىش» بولماستىن، «ئۆزىنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرىنى دۈشمەنگە قوبۇل قىلغۇزۇش ئۈچۈن، بارلىق ۋاستىلەرنى، جۈملىدىن قوراللىق كۈچ ۋە غەيرىي قوراللىق كۈچنى؛ ھەربىي ۋە غەيرىي ھەربىي، ئەجەللىك ۋە غەيرىي ئەجەللىك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلساق، تاشقى سىياقتىكى ئۆزگىرىش ھەرقانداق ئۇرۇشنىڭ ئۇرۇش پرىنسىپىغا بويسۇنۇشىغا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ.

مانا بۇ ئۆزگىرىشتۇر. بۇ ئۇرۇشتىكى ۋە شۇنىڭدىن مەنبەلەنگەن ئۇرۇش مېتودىدىكى ئۆزگىرىشتۇر. ئۇنداقتا، بۇ ئۆزگىرىشكە زادى نېمە سەۋەب بولدى؟ شۇنداقلا، بۇ زادى قانداق ۋە قايسى يۆنىلىشتىكى

ئۆزگىرىش؟ ئۇنىڭغا قانداق يۈزلىنىش كېرەك؟ بۇ مەزكۇر كىتابتا توختىلىشقا ۋە يورۇتۇلۇشقا تېرىشىلغان تېما، شۇنداقلا بىزنىڭ مەزكۇر كىتابنى يېزىشىمىزغا سەۋەب بولغان تۈرتكىدۇر.[3]

**بۇ يەردە، چىياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆزلىرىنىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك، چەكلىمىسىز ئۇرۇش» نۇقتىئىينەزىرىنىڭ يادروسىدىن بېشارەت بەرمەكتە. مەزكۇر ئۇرۇش خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىلكىدىكى ـــ ئىقتىسادىي، دىپلوماتىك، تېخنىكىلىق ـــ بارچە بايلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئاپتورلار پارتىيەگە «ئامېرىكا ئەمدى ھەربىي ھۆكۈمرانلىق ئارقىلىق دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئۆز ئىرادىسىنى تاڭالمايدۇ» دەپ كاپالەت بەرگەندى. يادرو ئۇرۇشى ئەقىلدىن تولىمۇ يىراق، قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىمۇ بارغانسېرى ياقتۇرۇشتىن قالدى. ئامېرىكا ياقتۇرىدىغان قورال كۈچى ئىشلىتىش ـــ ئىستراتېگىيەلىك بومباردىمان قىلىش ـــ مېتودى ئۆز ھۆكۈمىتىنى قوللايدىغان پۇقرالارنى تامامەن ئۇجۇقتۇرۇشقا يەتمەيدۇ. بىز ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن (ھەم ناتسىستلارنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇشىنى، ھەم ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ گېرمانىيەگە قىلغان ھاۋا ھۇجۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تارتىپ ۋېيتنام ئۇرۇشىغىچە مەزكۇر رېئاللىققا شاھىت بولىدۇق. ماۋ زېدوڭنىڭ جياڭ جيېشىغا قارشى قوزغىغان «خەلق ئۇرۇشى»دا، نۇقتىلىق ھالدا خىتاي خەلقىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، كوممۇنىستىك ئىنقىلابنى قوللىغۇزۇشقا كۈچىگەنلىكىنىڭ قىسمەن سەۋەبى ئەنە شۇدۇر. گەرچە نوقۇل ھەربىي كۈچكە تايىنىپلا ئەلرايىنى ئۆزگەرتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنۇملۈك تەشۋىقات ۋە مېڭە يۇيۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ. شۇنداقلا، بۇ ئىشنىڭ كۆپ قىسمى تېخنىكا كۈچىنى تىزگىنلەشكە باغلىق بولۇپ، سىز ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلانسىڭىزلا بولىدى.**

## بىرىنچى بۆلەكنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى
## تېخنىكا ـــ دەۋرىمىز ئىنسانلىرىنىڭ توتېمىدۇر

... ئانچە ئۇزۇن بولمىغان مۇددەت ئىچىدە، تېخنىكا كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان پارتلاش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ كەتكەن ئىنسانىيەتكە ساناپ تۈگەتكۈسىز پايدىلارنى ئەكەلدى ...

[3] «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»، 42 ~ 41 ـ بەتلەر

... تېخنىكا گويا ئىنسانلارنىڭ پۈتىغا كىيدۈرۈلگەن «سېھىرلىك كەش»تەك، پۈرژىنىسى سودا مەنپەئەتى تەرىپىدىن تازا چىڭىتىلغاندىن كېيىن، ئىنسانلار كەشكە ماسلىشىپ ئۇسۇلغا چۈشۈشكە، ئۇ بېكىتكەن رىتىم بويىچە ئۈچقاندەك پىرقىرىشقا مەجبۇر بولدى ...

ئۈچۈر تېخنىكىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن خۇش خەۋەر ئىكەنلىكى شەكسىز ... لېكىن، كىمنىڭ ئۇنىڭ تىزگىنىگە ئىگە بولالايدىغانلىقى نۆۋەتتە يەنىلا بىر مەسىلىدۇر. پاسسىپ نۇقتىئىينەزەرگە كۆرە، ئەگەر مەزكۇر تېخنىكا ئىنسانىيەت تىزگىنلىيەلمەيدىغان يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىدىغان بولسا، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانىيەتنى ئۆزىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ...

300 يىلدىن بۇيان، كىشىلەر تېخنىكا ساھەسىدە قارىغۇلارچە «يېڭىنى كۆرۈپ، كونىسىدىن زېرىكىش»كە ئادەتلىنىشتى. يېڭى تېخنىكىغا بولغان چەكسىز ئىنتىلىش بارلىق ھايات ـ ماماتلىق مۇشكۈلاتلارنى ھەل قىلىشنىڭ «خىسلەتلىك دورا»سىغا ئايلاندى. كىشىلەر ئۇنىڭغا مەستۇ ـ مۇستەغرەق بولۇشۇپ، بارا ـ بارا تۈيۈق يولغا كىرىپ قالدى ... خۇشاللىنارلىقى شۇكى، دەل مۇشۇ پەيتتە زامانىۋى ئۈچۈر تېخنىكىسى مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ تېخنىكا تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر مەيدان ئىنقىلاب ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ئەھمىيىتى ئۇنىڭ تامامەن يېڭىچە تېخنىكا ئىكەنلىكىدىن بەكرەك، ئۇنىڭ تېخنىكىلار ئارىسىدىكى قاتمۇقات توسالغۇلارنى ئاسانلا بۆسۈپ ئۆتۈپ، قارىماققا ئۆزئارا ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوقتەك كۆرۈنىدىغان تۈرلۈك تېخنىكىلارنى بىر يەرگە جۇغلىيالايدىغان يېپىشتۇرغۇچ ئىكەنلىكىدىدۇر ... ئۈچۈر تېخنىكىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى تۈرلۈك كونا ـ يېڭى تېخنىكىلارنى، شۇنداقلا يۇقىرى ـ يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنى چەكسىز مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلدى ... تېخنىكىلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە بىرىكىشى يەرشارىلىشىش يۈزلىنىشىنى ئەسلىگە قايتۇرغىلى بولمايدىغان تەرزدە كۈچەيتمەكتە. شۇنداقلا، يەرشارىلىشىش يۈزلىنىشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تېخنىكىلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە بىرىكىش مۇساپىسىنى تېزلەتتى، مانا بۇ دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدۇر.

مەزكۇر ئالاھىدىلىك مۇقەررەر ھالدا ئۆز خۇسۇسىيىتىنى دەۋرنىڭ ھەرقايسى يۆنىلىشكە سىڭدۈرمەي قالمايدۇ، ئۇرۇش ساھەسىمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. زامانىۋىلىشىشقا ئىنتىلىدىغان ھەرقانداق قوشۇن يېڭى تېخنىكىلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنداقلا ئۇرۇش قىلىش ئېھتىياجى ئەزەلدىنلا يېڭى تېخنىكىنىڭ كاتالىزاتورى بولۇپ كەلگەن. پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا 80 ـ يىللارغا تەۋە بەش يۈز خىلدىن ئارتۇق قوراللار ئىشقا سېلىنىپ، مەزكۇ ئۇرۇشنى يېڭى قوراللارنىڭ «ماھارەت سەھنىسى»گە ئايلاندۇردى. لېكىن، كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى يېڭى قوراللارنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى قوراللارنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىشلىتىلىش جەريانىدىكى سىستېمىلىشىش يۈزلىنىشى ئىدى ... كۆپلىگەن قوراللار ئارىسىدىكى مۇساپە ھالقىغان ماس قەدەملىك ھەمكارلىق مىسلىسىز ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈردى، ئۈچۈر تېخنىكىسى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ...

تېخنىكىلار ئۇنىۋېرساللاشقان يەرشارىلىشىش دەۋرىدىكى ئۇرۇش ھەرقانداق قورالنىڭ ئۇرۇشنىڭ يېگانە «ئوبراز ۋەكىلى»گە ئايلىنىش ئىمكانىيىتىنى يوقىتىپ، قورال بىلەن ئۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېڭى ئاساسىي نۇقتىغا بىنائەن قايتىدىن تەڭشەپ چىقتى. «يېڭى ئۇقۇم قوراللىرى»نىڭ، بولۇپمۇ «قورال-ياراغ تۇغرىسىدىكى يېڭى ئۇقۇملار»نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇرۇشنىڭ سېيماسىنى بارغانسېرى تۇتۇقلاشتۇردى. بىر قېتىملىق «خاككېرلىق» ھۇجۇمى دۈشمەنلىك قىلمىشى ھېسابلىنامدۇ، يوق؟ پۇل مۇئامىلە قورالىدىن پايدىلىنىپ بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىۋېتىشنى بىر مەيدان ئۇرۇش دەپ قاراشقا بولامدۇ؟ CNN نىڭ موگادىشۇ (سومالىنىڭ پايتەختى، ت) كوچىسىدىكى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ (غەزەپلەنگەن سومالى پۇقرالىرى تەرىپىدىن سۆرەپ يۈرۈلگەن) جەسەتلىرى توغرىسىدىكى خەۋىرى ئامېرىكىلىقلارنىڭ «دۇنيانىڭ ژاندارمىسى» بولۇش ئىرادىسىنى تەۋرىتىپ، شۇ ئارقىلىق دۇنيانىڭ ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتتىمۇ، يوق؟ شۇنداقلا، ئۇرۇش قىلمىشىغا ھۆكۈم قىلىشتا ۋاستىگە قاراش كېرەكمۇ، ئۈنۈمگىمۇ؟ شۇنىسى روشەنكى، ئەنئەنىۋى ئۇرۇش تەبىرىنى چىقىش قىلغاندا، يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. بىز مەزكۇر غەيرىي ئۇرۇش قىلمىشلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشنىڭ يېڭى تەركىبىي ئېلېمېنتلىرىغا ئايلىنىشىنى مۇمكىنلىكىنى تۇيۇقسىز تونۇپ يەتكەن چېغىمىزدا، بۇ خىل يېڭى ئۇرۇش ئەندىزىسىگە قايتىدىن ئىسىم قويۇشقا مەجبۇر بولىمىز:

بارلىق پاسىل ۋە چەكلىمىلەردىن ھالقىغان ئۇرۇش، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا: چەكلىمىسىز ئۇرۇش.

ئەگەر مەزكۇر ئىسىم قوبۇل قىلىنسا، ئۇنداقتا بۇ خىل ئۇرۇش ۋاستىلەرنىڭ ھەممە جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، ھەممە ئۇچۇرنىڭ ئىنگىلىنىشى كېرەكلىكىدىن، جەڭگاھنىڭ ھەممە يەردە ئىكەنلىكىدىن؛ بارلىق قوراللار بىلەن تېخنىكىلارنى خالىغانچە بىرلەشتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىدىن؛ ئۇرۇش بىلەن غەيرىي ئۇرۇش، ھەربىي بىلەن غەيرىي ھەربىيدىن ئىبارەت ئىككى دۇنيانىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇرغان بارلىق پاسىللارنىڭ تامامەن بۆسۈۋېتىلگەنلىكىدىن؛ شۇنداقلا، نۇرغۇن مەۋجۇت ئۇرۇش پىرىنسىپلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدىن، ھەتتا ئۇرۇش قانۇنىغىمۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈش زۆرۈرلۈكىدىن دېرەك بېرىدۇ.[4]

**ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «چەكلىمىسىز ئۇرۇش قوزغاش ئىقتىدارى ۋە زۆرۈرىيىتى»دىن ئىبارەت تېمىسىنى ۋە تېزىسىنى ناھايىتى تېزلا بېكىتكەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولۇشىغا تۈرتكە بولغىنى تېخنىكا ئەكەلگەن پۇرسەتلەر ۋە چەكلىمىلەرگە بولغان دەسلەپكە چۈشەنچە ئىدى.**

**ئاپتورلار غەربنىڭ تېخنىكىغا بولغان ئومۇمىيۈزلۈك مەپتۇنلۇقىنى ئاندېرسون چۆچەكلىرىدىكى «سېھىرلىك كەش»كە (ئەمەلىيەتتە، ئاندېرسون بۇنى «قىزىل كەش» دەپ ئاتىغان) سېلىشتۇرغان. چۈنكى،**

4 «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»، 47 ~ 44-بەتلەر

كىرىمنىي جىلغىسىنىڭ (ئامېرىكانىڭ ئۇچۇر تېخنىكا شىركەتلىرى جۇغلانغان جاي) مەھسۇلاتلىرى ئاقۇەتتە بىز ئۇلارنى كونترول قىلغاندىنمۇ بەكرەك بىزنى كونترول قىلاتتى.

چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۇي تىزگىنىدىن چىققان ئۇچۇر تېخنىكىسى ئۇنى ئىجاد قىلغان ئەقىللىق كىشىلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنالمايدىغان كەلگۈسى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئۇلار ئۇچۇر تېخنىكىسىنى، بولۇپمۇ ئىنتېرنېتنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتاي خەلقى ئۈچۈن رېئاللىقنى تەبىرلەش ئىقتىدارىغا نىسبەتەن تەھدىت دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ناھايىتى تېزلا خىتاينىڭ «تور سەددىچىنى»نى بەرپا قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. «تور سەددىچىنى» چەكلىمىسىز ئىنتېرنېتنىڭ (خىتايغا) ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە قاتارلىق خەتەرلىك ئىدىيەلەرنى ئېلىپ كىرىشىنى توسىدىغان يۇقىرى تېخنىكىلىق چارە ئىدى.

بۈگۈندىن سىرت، ئۇلار ئىنتېرنېتنى خىتاي كومپارتىيەسىگە نىسبەتەن شۇ قەدەر ئېغىر تەھدىت دەپ قارىغانىكى، نوقۇل ھالدا خىتاي تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭمۇ بۇ مەسىلىگە ئىنكاس قايتۇرۇشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئۇلارغا نىسبەتەن دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ چېگرا بويىدا ھەرىكەتلەندۈرۈلگەنلىكىگە ئوخشاشلا تەخىرسىز مەسىلە ئىدى. سۈزۈلمىگەن ئۇچۇرلارنىڭ خىتايغا ئېقىپ كىرىشى كىشىلەرنىڭ پارتىيە كۆڭۈل قويۇپ بەرپا قىلغان ئۇچۇر كۆپۈكىدىن قېچىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ، پۈتكۈل ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى خەۋپكە ئۇچرىتاتتى.

دەرۋەقە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرى ئامېرىكا ئوفىتسېرلىرىغا ئۆگىتىلگەن تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىتاي پولكوۋنىكى «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نى يېزىۋاتقاندا، مەن مىنوت ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا B ـ 52 بومباردىمانچى ئايروپىلانىنىڭ ئۇچقۇچىسى سۈپىتىدە جەڭ ۋەزىپىسى مەشىقىگە قاتنىشىۋاتقان ياش كاپىتان ئىدىم. ماڭا ئەزەلدىن پۈتۈن ئۇرۇش قوراللىرىغا يېتىپ بارىدىغان ئۇچۇر ئېقىمىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ بىر تەرىپى ئىكەنلىكى ئۆگىتىلمىگەنىدى. شۇنداقلا، ماڭا ھەر قانداق بىر سىياسىي پارتىيەنىڭ ئېھتىياجىنىڭ ھەربىي ئوفىتسېرنىڭ بۇرچى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكى، چۈنكى سىياسەت بىلەن ئارمىيەنىڭ تامامەن ئايرىم ساھەلەر ئىكەنلىكى تەلقىن قىلىنغانىدى.

ئۇلار تېخىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا، ئىنتېرنېت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئىلگىرىكى تېخنىكا دولقۇنلىرى بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. گەرچە «تور كۆپۈكى»[5] مەزگىلىدە ئامېرىكادا تورنىڭ ئەۋزەللىكى ھە دەپ تەشۋىق قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىتاي كۆزەتكۈچىلەر ئۇنى ئامېرىكالىق مۇتەخەسسىسلەردىنمۇ ياخشىراق تونۇپ يەتكەنىدەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ «كونترول قىلىنمىغان تەقدىردە، يەرشارىۋى ئەركىن سودا ۋە يەرشارىۋى ئەركىن ئۇچۇر يۈزلىنىشى تەبىئىي

[5] Dot ـ com bubble: 1995 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە تورغا مۇناسىۋەتلىك ھايانكەشلىك كۆپۈكى ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. — تەرجىماندىن

ھالدا، تۆگمەس دەۋرىيلىكتە بىر ـ بىرىنى كۆچەيتىدۇ» دېگەن مۆلچەرى توغرا ئىدى. ئۇلارنىڭ تەبىرىدىكى «دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى»نى، يەنى «تېخنىكىنىڭ يەر شارىلىششىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى، ئاندىن يەر شارىلىششىنىڭ تېخىمۇ كۆپ تېخنىكىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى تېزلىتىدىغانلىقى»نى ھەممىلا ئادەم كۆرۈپ يېتەلمىگەندى. ئامېرىكىلىق مەبلەغ سالغۇچىلار ئىنتېرنېتنىڭ سودىنى ئۆزگەرتىشتىكى يوشۇرۇن كۈچىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندا، بۇ پولكوۋنىكلار دىققىتىنى ئۇنىڭ ئۇرۇشنى ئۆزگەرتىشتىكى يوشۇرۇن كۈچىگە مەركەزلەشتۈرگەندى.

پولكوۋنىكلار ئۇرۇشنىڭ سىيماسى «خىرەلەشتى» دېگەندە، مۇنداق دېمەكچى بولغانىدى: بىز ئەمدى نوقۇل ھالدا ئىشلىتىلگەن قورالغا ئاساسەن ئۇرۇشقا تەبىر بېرەلمەيمىز. بىز ئەمدى ئۇرۇش دەۋرلىرىگە «ئۇزۇن ئوقيا دەۋرى»، «مىلتىق دورىسى دەۋرى»، «تانكا دەۋرى» ياكى «ئاتوم بومبىسى دەۋرى» دېگەنگە ئوخشاش ئاسانلا ئىسىم قويالمايمىز. كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلار پەرقلىق بولىدۇ، «سانغۇنلار ئالدىنقى ئۇرۇشنى پىلانلاشقا مايىل» دېگەن كونا ماقال ھېچقاچان بۇ قەدەر جايىنى تاپقان ئەمەس.

پولكوۋنىكلار تاراتقۇلارنىڭ «ئامېرىكالىقلارنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتىش» ۋە دۆلەتنىڭ ئورتاق تونۇشنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى تونۇپ يەتكەنىدى. 1990 ـ يىللاردا، CNN نىڭ سۈنئىي ھەمراھ قانىلى موگادىشۇ ۋەقەسىگە ئوخشاش ئامېرىكا ئارمىيەسى دۇچ كەلگەن ۋەھشىيلىكلەرگە ئالاقىدار سۈرەتلەرنى ھەر بىر ئامېرىكالىقنىڭ تۇرالغۇسىغا يەتكۈزدى. بۇ سۈرەتلەر ئاۋامنىڭ پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ سومالىغا ئارىلىششقا بولغان قوللىشىنى يوققا چىقاردى. ئۈچۈر ئېقىمى ئامېرىكا سىياسىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، ئامېرىكا ئارمىيەسىنى CNN سۈنئىي ھەمراھ قانىلىنىڭ خەۋىرىسىز ھالدا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

«ھەممە يەر جەڭگاھتۇر» ـــ «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ مەركىزىي نۇقتىئىينەزەرلىرىدىن بىرىدۇر. غەرب ئەسلىدە 1990 ـ يىللاردىكى تېخنىكىلىق ئۆزگىرىشنىڭ ھەربىي تەسىرىنى چۈشىنەلەيتتى ۋە چۈشىنىشى كېرەك ئىدى، ئەمما بىز بۇنىڭغا كۆڭۈلشىمىدۇق. بۇ ئىككى ئاپتور خىتاينىڭ «ئۇرۇشسىز غەلىبە قىلىش»تىن ئىبارەت قەدىمىي ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، يەرشارىۋى تېلېۋىزىيە ۋە ئىنتېرنېت تورىنىڭ ئۇرۇش قائىدىسىنى ئۆزگەرتىپ، چەكلىمىسىز ئۇرۇشنى كومپيۇتېر خاككېرلىقىدىن تاراتقۇلارنى تىزگىنلەشكىچە بولغان ئىجادىي تاللاشلار بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى.

ھەربىي تارىختا كۆپ قېتىم كۆرۈلگىنىدەك، ئۇلارنىڭ «مەۋجۇت ئۇرۇش پرىنسىپلىرى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى ھەرگىزمۇ تاكتىكىدىكى ئاددىي ئۆزگىرىش ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، جورج ۋاشىڭتوننىڭ قوشۇنى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە رەتلىك سەپ تۈزگەن دۈشمەن قوشۇنلىرىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، بۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇش شەكىللىرىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەمما، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ئۇقۇمى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، كىمنىڭ ئۇرۇش قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەبىرنى ئۆزگەرتتى ۋە ئەسلىگە قايتۇرغىلى بولمايدىغان تەرزدە پۇقرالارنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى.

**بۇگۈنكى كۈندە، غەرب كۈچلىرى ھاۋا ھۇجۇمى پىلانلىغاندا، (ھۇجۇم ئوبيېكتى بولغان) بىر دۆلەت نېمىشقا موگادىشۇ ۋەقەسىدىكىگە ئوخشاش، بىر قىسىم پۇقرالىرىنى ئۇرۇش رايونىغا يۆتكىمىگۈدەك؟ شۇنداق بولغاندا، CNN ۋە ئىنتېرنېت ئۆلتۈرۈلگەن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ رەسىمىنى تارقىتىدۇ ـ دە، خەلقئارا جەمئىيەت شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا بۇ پۇقرالارنى ئۇرۇش سېپىگە سۆرەپ كىرىپ جىنايەتكە يول ئاچقان شەپقەتسىز ھۆكۈمەتكە ئەمەس، بەلكى شۇ پۇقرالارنى بومباردىمان قىلغان قوشۇنغا غەزەپ ـ نەپرىتىنى ياغدۇرىدۇ. نەتىجىدە، بۇ «جەنۋە ئەھدىنامىسى»دىن ۋە ئۇرۇشنىڭ باشقا ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىدىن ۋاز كېچىشنى خالايدىغان ھەر قانداق رەھىمسىز دۆلەت ئۈچۈن غايەت زور غەيرىي سىممېترىك ئەۋزەللىككە ئايلىنىدۇ.**

**1999 ـ يىلى (يەنى بۇ ئىككى پولكوۋنىك «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نى يازغان يىلى)، ئامېرىكانىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلىرى ۋە سىياسىي رەھبەرلىرى بۇ تەھلىلدىن بەكلا يىراقتا ئىدى. ئەمەلىيەتتە، يىگىرمە يىلدىن كېيىن بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ئۇلار ھېلىھەم بۇنىڭغا قارشى تۇرماقتا. كرىستىيان بروسنىڭ (Christian Brose) «ئۆلتۈرۈش زەنجىرى» (The Kill Chain) دېگەن ئەسىرىگە ئوخشاش يېقىنقى بەزى كىتابلاردا ھېلىھەم ئارمىيەمىزنى ھۇجۇم نىشانىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پارتلىتالايدىغان قىلىش؛ ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلارنى ئىشلىتىپ، نىشانىنى تېخىمۇ توغرا ۋە تېز پەرقلەندۈرۈش ۋە ۋەيران قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش تەكىتلەنگەن. ئەمما، بۇ مېتودتا ئىشنىڭ ھالقىلىق نۇقتىسى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان. ئەگەر ھەقىقىي ئۇرۇش ھېچكىمنى پارتلاتمىغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسا، ئۈنۈمنىڭ كارايىتى چاغلىق. «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ ئاپتورلىرى 1999 ـ يىلى ئۆزىدە ھازىرلىغان سۈزۈك ۋە چوڭقۇر چۈشەنچە بىزدە 2021 ـ يىلىغا كەلگەندىمۇ كەم بولماقتا.**

***

**تېخنولوگىيەنىڭ كۈچى ئۇچۇرغا ۋە بۇ ئۇچۇرلارنى كىمنىڭ كونترول قىلىدىغانلىقىغا زور دەرىجىدە باغلىنىشلىق. ئەڭ تەجرىبىلىك گېنېراللار ھەرۋاقىت ئۇچۇرنىڭ ئۇرۇشتىكى مۇھىملىقىنى بىلىدۇ. كىشىلەر دائىم «ھەقىقەت ئۇرۇشنىڭ تۇنجى قۇربانىدۇر» دېيىشىدۇ. ھەتتا دېموكراتىك ئەللەرمۇ گاھىدا ئۆز خەلقىگە يالغان ئېيتىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكانىڭ ھەر ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا قىلغىنىدەك. ئەمما، خىتاي تا ھازىرغا قەدەر دېموكراتىيە يولىغا ماڭمىدى. «تور سەددىچىنى»دىن باشلاپ تاراتقۇلارنى قاتتىق كونترول قىلىش، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بەلگىسى بولۇپ كەلدى. «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»تىن كېيىن ياساپ چىقىلغان «تور سەددىچىنى» غەربتىكى بارلىق تاراتقۇلارنى، بولۇپمۇ گۇگۇل ۋە فېيسبۇك قاتارلىق ئىنتېرنېت مەنبەلىرىنى ھەمدە «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» ۋە «ۋاشىڭتون پوچتىسى» قاتارلىق خەۋەر تەمىنلىگۈچىلەرنى چەكلەش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن.**

بۇ خىل تىزگىنلەش ئىستىكى خىتاي پۇقرالىرىدىن تەشكىللەنگەن ھەقىقىي ئارمىيەنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولدى. مەزكۇر ئارمىيە تور ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ، ئىنتېرنېتنى نازارەت قىلىدۇ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ساختا تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ ۋە كېيىنكى ئەۋلاد تېخنىكىلارنى ئوغرىلايدۇ. كېيىنكى بابتا بايان قىلىنىدىغىنىدەك، بۇ ۋە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر ئامېرىكا نۇرغۇن يىللاردىن بېرى نەزەردىن ساقىت قىلغان ئۇرۇش قوراللىرىدۇر.

## تۆتىنچى باب: قورال ئىنقىلابى

2018 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، غايەت زور زەنجىرسىمان مېھمانخانىلارنىڭ ساھىبى بولمىش مارىيوت شىركىتى (Marriott International) روي جونېس (Roy Jones) ئىسىملىك بىر خىزمەتچىنى ئىشتىن بوشاتتى. مارىيوت شىركىتىنىڭ ئامېرىكا شۆبىسىنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ دىرېكتورى بولغان روي جونېس مەلۇم بىر تىبەت مۇستەقىللىق تەشكىلاتى يوللىغان، تىبەتنىڭ خىتايغا تەۋە ئەمەسلىكىدىن شەپە بېرىدىغان بىر تۋىتېر يازمىسىنى «ئالقىش»لاپ قويغانىدى. شاڭخەي ساياھەت ئىدارىسىدىكى بىرەيلەن جونېسنىڭ بۇ قىلمىشنى بايقاپ، دەرھال خىتاي كومپارتىيەسىگە دوكلات قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، خىتاي كومپارتىيەسى جونېسنىڭ مەزكۇر تۋىتېر يازمىسنى ئالقىشلىغانلىقىدىن ئىبارەت «ئىدىيەۋى جىنايىتى» سەۋەبلىك، خىتايدىمۇ نۇرغۇن مېھمانخانىلىرى بار مارىيوت شىركىتىگە غەزەپ قىلغان ۋە نەتىجىدە مارىيوت شىركىتى جونېسنى ئىشتىن بوشاتقان.

كىشىلەر بۇنى ئۇششاق ـ چۈششەك غەلىتە ئىش دەپ قارىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ مۇھىم بىر قەدەمدۇر. چۈنكى، بۇ بىزنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ بىرىنچى بابىغا بىنائەن ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. خىتاي شى جىنپىڭنىڭ تەبىرىدىكى «ئەگگۈشتەر»نى، يەنى ئۈچ تېخنىكىسىنى ۋە خىتاينىڭ ئاساسلىق بايلىقى بولمىش نوپۇسنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق (يەنە كېلىپ، مارىيوت شىركىتىنىڭ خىتايدا مېھمانخانىلىرى بولغاچقا)، نۇرغۇن شىركەتلەرنىڭ خىتاي سىرتىدىكى قىلمىشلىرىنى كونترول قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، تاكى يادرو قوراللىرى دەۋرىگە قەدەر، ئىنسانلار ئۇرۇش دەۋرىگە شۇ دەۋردىكى ئاساسلىق قورال تېخنىكىسىغا ئاساسەن ئىسىم قويۇپ كەلگەنىدى. لېكىن، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»تىن ئىبارەت يېڭى ئۇقۇم بۇ خىل ئەھۋالغا خاتىمە بەردى. چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۇينىڭ بىر ئازدىن كېيىن ئىزاھلىغىنىدەك، بىز ھەتتا بۇ دەۋرنى «يادرو دەۋرى» دەپمۇ ئاتىيالمايمىز. ئۇرۇش ھەققىدە ماھىيەتلىك رەۋىشتە قايتا ئويلىنىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. گەرچە ئىسىم قويۇش قائىدىلىرى ئەرزىمەس

ئىشلاردەك كۆرۈنسمۇ، لېكىن ئىسىم بىزنىڭ يېڭى ئىدىيەلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

1998 ـ يىلى «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» يېزىلغاندا، خىتاينىڭ رادارغا چۈشمەيدىغان بومباردىمانچى ئايروپىلانىمۇ، يېتەرلىك دەرىجىدە دېڭىز ئارمىيەسىمۇ يوق ئىدى. لېكىن، بۇ ئىككى پولكوۋنىكنىڭ نەزىرىدە، خىتاينىڭ نۇرغۇن قوراللىرى بار ئىدى. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ بىر ملياردتىن كۆپرەك نوپۇسى، ھەر يىلى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن تۈركۈملەپ يېتىشىپ چىقىۋاتقان كومپيۇتېر پروگراممېرلىرى ۋە مەككار خاكېرلىرى، پۇل مۇئامىلە ھايانكەشلىرى ۋە پۇل زاپىسى، شۇنداقلا ئەجەللىك ۋىرۇسلارنى تەتقىق قىلىۋاتقان دوختۇرلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ــ ھەتتا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر ــ قورال دەپ قارىلىشى كېرەك ئىدى. خىتاينىڭ دۈشمەنلىرى قورال ـ ياراغقا پۇل خەجلەۋاتقاندا، خىتاي كومپيۇتېر ئۆزىكى ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ـ ياساش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

باشقا دۆلەتلەرنىڭ توختىماي يېڭىلىنىپ تۇرمىسا بولمايدىغان نەچچە يۈز ملىيارد دوللارلىق پاراخوتلىرى ۋە ئايروپىلانلىرى ئاداققى ئۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان بولسا، خىتاينىڭ قوراللىرى نۆۋەتتىكى ئۇرۇشقا ماس كېلەتتى.

بۇ بابتا، بىز پولكوۋنىكلارنىڭ ھەممە نەرسىنى قورالغا ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا قانداق تەۋسىيەلەرنى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ چىقىمىز. بىز يەنە ئۇلارنىڭ «چېكىدىن ئاشقان ھەربىي خامچوت ئەمەلىيەتتە ئۇنى سەرپ قىلغۇچى دۆلەتكە ۋەيران قىلغۇچ زىيان سالىدۇ» دېگەن كۆز قارىشى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. بىز يەنە خىتاينىڭ بۈگۈنگىچە قوللانغان ئىستراتېگىيەلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئۇنىڭ نۆۋەتتە ھەربىي خامچوتنى جىددىي ئاشۇرغانلىقىنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز. بۇ خىل چۈشەنچە بىزنى ئىستراتېگىيەدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالامدۇ، يوق؟ خىتاي بىر مەيدان ئەنئەنىۋى توقۇنۇشقا تەييارلىنىۋاتامدۇ؟ ياكى بۇ ئامېرىكانى ھەربىي ساھەگە تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ سېلىشقا قىستايدىغان نەيرەڭۋازلىقمۇ؟

پولكوۋنىكلار «يولۇچىلار ئايروپىلانى»دىن ئىبارەت يەنە بىر خىل قورالغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان ۋە «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن ئىلگىرى يېزىلغان بۇ ئەسىردە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشنىڭ (يەنى «يولۇچىلار ئايروپىلانى»نىڭ قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشىنىڭ) يۈز بېرىشىنى مۆلچەرلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىنسانىيەتكە بەخت ئەكېلەلىگەن ھەرقانداق نەرسە ئۇلارغا زىيانمۇ سالالايدۇ. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، بۈگۈنكى دۇنيادا قورال قىلىپ ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ھېچنەرسە يوق.»[6]

مەسىلەن، يېقىلغۇ قاچىلانغان يولۇچىلار ئايروپىلانى دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

[6] «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»، 55 ـ بەت



# چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل سىياسىتى

# چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىجتىمائىي ۋە كۈلتۈرەل سىياستى

كونۇر ئالپ ئەرجىلاسۇن

1759 ـ يىلىدا مەزكۇر رايوننى (يەنى شەرقىي تۈركىستاننى) قولىغا كىرگۈزگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ يەردە ئىجرا قىلغان ئىجتىمائىي ۋە كۈلتۈرەل سىياسەتلىرىگە نەزەر سېلىنغىنىدا، بۇنىڭ ئالدى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندىكى بىخەتەرلىكىگە ئالاقىدار ئەنسىزلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇلار ئەڭ ئاساسلىقى ئايرىمچىلىق ۋە بېكىنمىچىلىك دەپ خاراكتېرلەشكە بولىدىغان تەدبىرلەردۇر. بۇ تەدبىرلەرنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، رايوندا يېڭى شەھەرلەر بەرپا قىلىنغان ۋە مانجۇ مەمۇرلار بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە نۇرغۇن چەكلىمىلەر قويۇلغان. مەزكۇر بۆلەكتە، بەرپا قىلىنغان يېڭى شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئالاقىدار تەدبىرلەر توغرىسىدا توختىلىش ئارقىلىق بۇلارنىڭ رايونغا بولغان تەسىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركىستاننى قولىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن ئەسلىدە مەۋجۇت شەھەرلەرنىڭ يېنىغا يېڭى شەھەرلەرنى بەرپا قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. مەزكۇر يېڭى شەھەرلەر مەركەزدىن رايونغا ئەۋەتىلگەن ئەسكەر ۋە مەمۇرلار ئۈچۈن بەرپا قىلىنغانىدى. چىڭ سۇلالىسى ئاۋۋال قۇمۇل بىلەن تۇرپاندا، ئاندىن ئىلىدا مۇقىم ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا باشلىدى. بۇ قىسىملار دۆلەت قۇرۇلمىسىدىن ئورۇن ئالغان سەككىز تۇغ قىسىملىرى ۋە يېشىل بىرىگادىلاردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، تەركىبىدە مانجۇ، موڭغۇل ۋە خىتايلار بار ئىدى. بۇ قىسىملار ۋە قوماندانلىرى رايوندىكى مەۋجۇت شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلماستىن، بۇلار ئۈچۈن يېڭىدىن شەھەر بەرپا قىلىنغان. قوشۇنلار ئاساسلىق جايلاشتۇرۇلغان ئىلى بۇ خىل قارارگاھلار ئەڭ كۆپ بەرپا قىلىنغان رايون ئىدى. بۇ يەردە «خۇييۈەن»، «خۇيىنىڭ»، «دالوچى» ۋە «نىڭيۈەن» قاتارلىق شەھەرلەر بەرپا قىلىنىپ، بۇ يەرلەرگە مانجۇ ۋە موڭغۇل مەمۇرلىرى جايلاشتۇرۇلغان؛ يەنە مەزكۇر رايوندا بەرپا قىلىنغان «سۈيدىڭ»، «گۇاڭرېن»، «چەندى»، «گوڭسېن» ۋە «شىسۇن» قاتارلىق شەھەرلەردە بولسا، خىتاي مەمۇرلار ۋە ئەسكەرلەر تۇرغۇزۇلغانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۈرۈمچىدە «گوڭنىڭ» ئىسىملىك مانجۇ ـ موڭغۇل شەھىرى ۋە «دىخۇا» ئىسىملىك خىتاي شەھىرى؛ باركۆلدىمۇ «خۇيىنىڭ» ئىسىملىك مانجۇ ـ موڭغۇل شەھىرى ۋە «جېنشى» ئىسىملىك خىتاي شەھىرى بەرپا قىلىنغان (348). مەلۇم

بولغىنىدەك، چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا ئايرىم ـ ئايرىم شەھەرلەرنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، بۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن ئەسكەر ۋە مەمۇرلارنى مىللىي تەركىبىگە كۆرە پەرقلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغان.

تارىم ئويمانلىقىدىكى شەھەرلەردە بولسا، بۇ جايلارغا مەركەزدىن ئەۋەتىلگەن ھەربىي قىسىملار ۋە مەمۇرلار (شىمالىدىكىگە قارىغاندا) ئازراق بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە ھاللاردا بۇلارغا مەۋجۇت شەھەرلەرنىڭ ئىچىگە تۇرالغۇلار سېلىپ بېرىلگەن. بۇ خىل تۇرالغۇلار كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بىر قات تام ئارقىلىق مۇسۇلمانلار رايونىدىن ئايرىۋېتىلگەن. مەزكۇر رايوننىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى بولغان قەشقەردە بولسا، ئوخشاشلا «يېڭى شەھەر» بەرپا قىلىنىپ، مانجۇ ۋە خىتاي ئەمەلدارلار شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. نەتىجىدە، بۇ يەردە تۈركلەر يەرلەشكەن «كونا شەھەر» بىلەن مانجۇ ـ خىتاي ئەمەلدارلار جايلاشقان «يېڭى شەھەر» مەيدانغا كەلگەن. قەشقەرنىڭ كونا ـ يېڭى شەھەرلىرى توغرىسىدا، «خۇيجياڭ تەزكىرىسى»دە (回疆通志) تۆۋەندىكىدەك مەلۇماتلار يەر ئالغان:

قەشقەردىكى كونا شەھەر يۇمىلاقمۇ، تۆت چاسىمۇ ئەمەس، ئايلانمىسى ئۈچ چاقىرىم يەتتە پۇڭدىن (تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر ئەتراپىدا) ئۇزۇنىدۇر. شەرقتە قاراپ ئېچىلغان ئىككى قوۋۇقى، شىمال ۋە جەنۇبتا قارايدىغان بىردىن قوۋۇقى بار. بۇگۈن «كونا شەھەر» دەپ ئاتالغان بۇ جايدا بەگلەر ۋە مۇسۇلمانلار تۇرىدۇ. چيەنلوڭ سەلتەنىتىنىڭ 27 ـ يىلى (1762 ـ يىلى)دا مۇئاۋىن ھەربىي ۋالىي يوڭ گۈي (چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە) سۇنغان دوكلاتىدا، كونا شەھەرنىڭ ئىككى چاقىرىم غەربىي شىمالىدىكى، ئىلگىرى بۇرھانىدىنغا تەۋە بولغان جايدا يېڭىدىن شەھەر بەرپا قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن ۋە بۇ تەكلىپكە بىنائەن، بۇ يەردە بىر شەھەر بەرپا قىلىنغان. شەھەرنى قورشاپ تۇرغان سېپىلنىڭ ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىم بەش پۇڭدۇر. ئېگىزلىكى بىر جاڭ (ئۇزۇنلۇق بىرلىكى، 10 چىغا تەڭ) تۆت چى، تامنىڭ ئاستى تەرىپىنىڭ قېلىنلىقى ئالتە چى بەش سۇن، ئۈستى تەرىپىنىڭ قېلىنلىقى بولسا تۆت چى بەش سۇندۇر. تۆت تەرەپتە تۆت قوۋۇقى بار. شەرقتىكى قوۋۇقغا «چېڭئېن»، غەربتىكى قوۋۇقغا «فۇچياڭ»، جەنۇبتىكى قوۋۇقغا «جاڭخۇا»، شىمالدىكى قوۋۇقغا «پىيۇەن» دەپ ئىسىم قويۇلغان. چيەنلوڭ سەلتەنىتىنىڭ 35 ـ يىلى (1770 ـ يىلى)دا قوۋۇقلار ۋە ئىمارەتلەر قايتىدىن رېمونت قىلىنغان. شەھەرنىڭ ئىچىگە، جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ شەرقىگە «ئەبەدىيەت سارىيى» (万寿宫) (352)، غەربىگە «گۇەن غوجام بۇتخانىسى» (关帝庙) (353) سېلىنغاندى. چيەنلوڭ سەلتەنىتىنىڭ 36 ـ يىلى (1771 ـ يىلى)دا بۇ شەھەرگە «لەيىنىڭ» شەھىرى دەپ ئىسىم قويۇلغان. چيەنلوڭ سەلتەنىتىنىڭ 59 ـ يىلى (1794 ـ يىلى)دا مۇئاۋىن ھەربىي ۋالىي يوڭ باۋ شەھەرنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىغا تۇرالغۇ بىنا قىلىپ، بۇ يەرگە ئىچكىرىدىن (خىتاي ئۆلكىلىرىدىن) تىجارەتچىلەرنى ئەكېلىپ يەرلەشتۈرۈش تەكلىپىنى بەرگەن. شەھەرنىڭ ئىچىدە ئاممىۋى ئىمارەتلەر، ئامبارلار، شۇنداقلا مەمۇرلار بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ تۇرالغۇلىرى بار ئىدى (355).

مەزكۇر مەنبەدە كۆرستىلگەن ئۈچۈرلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، قەشقەردە ئەمەلدارلار تۇرىدىغان يېڭى شەھەر بەرپا قىلىنىپ، بۇ شەھەرگە «لەيىنىڭ» دەپ ئىسىم قويۇلغان. ئەنە شۇ رەۋىشتە، شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈمدارلار تەبىقىسى بىلەن خەلق بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن. بۇنىڭدىن سىرت، تۈركلەرنىڭ يېڭى شەھەرگە، مانجۇلارنىڭ نازارەتچىلىك قىلغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا كونا شەھەرگە كىرىشى چەكلەنگەن (356).

يۇقىرىدا تەرجىمە قىلىنغان (ختايچە) مەنبەدە، بۇ ئۇچۇرلاردىن كېيىن، يېڭى شەھەردە سېلىنغان ئىمارەتلەر بىر-بىرلەپ ساناپ ئۆتۈلگەن. بۇنىڭغا كۆرە، يېڭى شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە ھەربىي ۋالىي مەھكىمىسى ۋە بۈيۈك مەمۇرىي ئەمەلدار بىناسى، شەھەرنىڭ دەل شەرقىي شىمالىدا بولسا قورال-ياراغ ئامبىرى بار ئىدى.

شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدە يېڭىھىسار بۈيۈك ھەربىي ئەمەلدار مېھمانسارىيى، ياردەمچى ئەمەلدارلار ۋە ئۆلارنىڭ قول ئاستىدىكى پۈتۈكچىلەر ئىشلىتىدىغان ئۈچتىن ئىشخانا، دوكلات بىناسى، مانجۇ ۋە ختاي مۆھۈردارلار بىناسى، دۆلەت چارۋىلىرىنى نازارەت قىلىدىغان مانجۇ ۋە ختاي ئەمەلدارلىرىنىڭ بىردىن بىناسى، گارنىزون ۋە پوچتا پونكىتلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارلار بىناسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاقىدار بىر بىنا سېلىنغانىدى.

شەھەرنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە بىر تۈرمە بار ئىدى. بۇ يەردىن غەربىي قوۋۇقىچە بولغان ئارىلىقتا، مانجۇ گارنىزون قوماندانى ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنىنىڭ بىردىن خىزمەت ئىشخانىسى، ئەترەت قوماندانىنىڭ تۇرالغۇسى ۋە شەھەر مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەسكەرلەر ئۈچۈن ياتاق بىناسى سېلىنغانىدى. بۇ ياتاق بىناسىدا مانجۇ ئەسكەرلەر ئۈچۈن سەكسەن ياتاق، ختاي ئەسكەرلەر ئۈچۈن 103 ياتاق بار ئىدى. غەربىي قوۋۇقنىڭ يېنىدا يېشىل بىرىگادالارنىڭ باتالىيون قوماندانلىق شتابى بار ئىدى.

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ئارمىيەنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكلىرىگە مەسئۇل خادىملار ئىشلەيدىغان بىر بىنا ۋە ئۇلارنىڭ ياتاق بىناسى، روتا كوماندىرلىرى جايلاشقان بىنا، مانجۇچە ۋە ختايچە ھۆججەتلەر ساقلانغان بىردىن ئارخىپ بىناسى، ئامبار سۈپىتىدە قوللىنىلغان ئالتە ئېغىز ئۆي، بىر دورا ئامبىرى، ئون سەككىز ئاشلىق ئامبىرى، ھەربىي ئوزۇق-تۈلۈك ئامبىرى ۋە قاراۋۇللارنىڭ ئالتە ياتاق بىناسى بار ئىدى. جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ غەربىدە «گۇەن غوجام بۇتخانىسى» بار ئىدى. يەنە شۇ جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ يېنىدا يېشىل بىرىگادانىڭ ئالىي ئىش بېجىرىش ئورنى بولمىش رايون قوماندانلىق شتابىمۇ بار ئىدى. بۇ قوۋۇقنىڭ شەرقىدە بولسا «ئەبەدىيەت سارىيى» بار ئىدى.

بۇلاردىن باشقا، شەھەر قەلئەسىنىڭ شەرقىي، غەربىي ۋە جەنۇبىي قوۋۇقلىرى ۋە ھەربىي ۋالىي مەھكىمىسى ئالدىدا قاراۋۇلخانىلار قۇرۇلغانىدى.

قەلئە سىرتىدىكى رايونغا كەلسەك، غەربىي قوۋۇقنىڭ سىرتىدا باج ئىشلىرىغا مەسئۇل بىر ئىدارە بار ئىدى. جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ سىرتىدا، خىتاي سودىگەرلىرى تۇرىدىغان بىنالار بار ئىدى. بۇ سودىگەرلەر 1794 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ يەرگە ئەكېلىنگەن ۋە ئۇلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن باتالىيون قوماندانلىق شتابى قۇرۇلغانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە مۇشۇ رايوندا شەھەرگە كەلگەن مەمۇرىي خادىملارغا زىياپەت بېرىش ئۈچۈن سېلىنغان «كۆتۈۋېلىش قەسرى»مۇ بار ئىدى.

جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ سىرتىدا، شەرقىي جەنۇب تەرەپتە، كونا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى رايون ھەربىي مەشىق ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنىدى (357).

بىنالارنىڭ ئورنى تەپسىلىي يېزىلغان بۇ شەھەرنىڭ پىلانلانغان ئولتۇراق رايون ئىكەنلىكى ۋە تۆت چاسا شەكلىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. خىتاي شەھەرلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، تۆت چاسا ئىكەنلىكى ۋە ئىچىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ مەلۇم تەرتىپ بويىچە سېلىنىدىغانلىقىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، قەشقەر ۋە باشقا جايلاردا بەرپا قىلىنغان بۇ «يېڭى شەھەر»لەر پىلانلىنىش جەھەتتە تامامەن خىتايغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن. قەشقەرنىڭ يېڭى شەھىرىگە سېلىنغان بۇ بىنالارنىڭ ئورۇنلىرىغا قارايدىغان بولساق، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىنىڭ مەمۇرىي مەركەز، غەربىي شىمالىنىڭ بولسا تۈرمە ۋە قوشۇننىڭ قارارگاھى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. غەربىي جەنۇب تەرەپ ئادەتتە ئوزۇق ـ تۈلۈك ساقلاش ئۈچۈن ئامبار ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، بىز جەنۇب قوۋۇقنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە خىتاي ھۆكۈمرانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ساراي ۋە بۇتخانا قاتارلىق ئىمارەتلەر بارلىقىغا؛ قەلئەنىڭ سىرتىدا، ئوخشاشلا جەنۇب تەرەپتە خىتايلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە مەمۇرلارنى كۈتۈۋېلىش بىناسى بارلىقىغا قارايدىغان بولساق، جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ شەھەرنىڭ ئاساسلىق كىرىش ئېغىزى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ھەربىي مەشىق ئۈچۈن ئايرىلغان رايوننىڭ كونا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەرنىڭ ئارىسىدىكى ئىكەنلىكىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتىدۇر. كونا شەھەردە مەركەزدىن تەيىنلەنگەن مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرىدىن باشقا، خىتاي ياكى مانجۇ ئەمەلدارلىرى يوق بولۇپ، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار ياتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن يىراقتەك كۆرۈنەتتى. شۇڭلاشقا، (يېڭى شەھەر بىلەن كونا شەھەر ئارىسىدىكى) بۇ رايوندىكى ھەربىي مەشقلەر ئارمىيە ئۈچۈن زۆرۈر مەشىق بولۇپلا قالماي، مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ ئاگاھلاندۇرۇش بولۇشى كېرەك ئىدى.

رايوندا يېڭى شەھەرلەرنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئەمەلىيەتتە مەمۇرىي تەشكىلىي قۇرۇلمىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى شۇ رەۋىشتە ئەمەلدارلارنى خەلقتىن ئايرىۋەتكەنىدى. چىڭ سۇلالىسى بۇ خۇسۇستا يېڭى شەھەرلەرنى بەرپا قىلىپلا قالماستىن، يەنە رايوندىكى ئەمەلدارلارغا قارىتا بەزى تەدبىرلەرنى بېكىتكەنىدى. مەلۇم بولغىنىدەك، مانجۇلار خىتاينى ئىستېلا قىلغان ۋە خىتايلارغا سىڭىشتۇرغاندا نوپۇسى ئىنتايىن ئاز بولغان، خىتايغا يات ھېسابلىنىدىغان بىر قەۋم ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، مانجۇلار 1644 ـ يىلى خىتاينى بېسىۋالغاندىن كېيىن، كەڭ كەتكەن خىتاي زېمىنىدا ۋە غايەت زور خىتاي نوپۇسى ئىچىدە ئۆز كىملىكىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۈچىنچى بۆلۈمدە تىلغا

ئېلىنغىنىدەك، قوشۇننىڭ تۈغ ۋە گارنىزون (باتالىيون)نى ئاساس قىلغان ھالدا ئىككى ئايرىم سىستېمغا ئايرىلغانلىقى بۇ تەدبىرلەردىن بىرىدۇر. يەنە بىر تەدبىر بولسا، «نەسەبدار» مانجۇلارنىڭ خىتايلار بىلەن توي قىلىشنى چەكلەش ئىدى. بۇ جەھەتتىكى يەنە بىر ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى خىتايلارنىڭ سەددىچىننىڭ سىرتىغا چىقىشنى ئىمكانقەدەر چەكلەش ئىدى. مانجۇلار بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۆز كىملىكىنى يوقىتىپ قويمايدىغانلىقىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىنى ئويلىغانىدى. ئۇلار يەنە سەددىچىننىڭ شىمالىنى كۆتۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىشقا بولىدىغان جاي دەپ قارايتتى.

بۇ تۈپكى سىياسەت شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. ئالدى بىلەن، تىلغا مۇناسىۋەتلىك بىر يۈرۈش تەدبىرلەرگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرايلى. مەلۇم بولغىنىدەك، مانجۇلار خىتايدا ھاكىمىيەت تىكلىگەن مەزگىلدە مانجۇ ۋە موڭغۇل تىلى بىلەن بىللە خىتاي تىلىنىمۇ دۆلەت تىلى سۈپىتىدە قوللانغان ۋە بۇ سەۋەبتىن، مانجۇ ئەمەلدارلار خىتايچە ئۆگىنىشكە باشلىغانىدى. ھالبۇكى، چىڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ خىتايچە ئۆگىنىشىنى چەكلەشكە ئۇرۇنغان. بۇ جەھەتتە، رايوندا ۋەزىپە ئۆتىگەن ئەمەلدارلار پات ـ پاتلا مانجۇلار ئەڭ كۆپ توپلاشقان ئىلى رايونىدا خىتاي تىلى ئۆگىنىدىغان مەكتەپ قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەكلىپلەر قوبۇل قىلىنمىغان ۋە پادىشاه چيەن لوڭ 1767 ـ يىلى تۆۋەندىكىدەك پەرمان چىقارغان:

ئىلى رايونى تېخى ئەمدىلا تەسەررۇپىمىزغا ئۆتتى. گەرچە مانجۇ ـ موڭغۇل ئەمەلدار ـ ئەسكەرلەر بۇ رايوندا دائىمىي تۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەھۋالى خىتايدا دائىمىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەمۇرلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقانلار ئىلگىرىكىدەك مانجۇچە ئۆگىنىشكە، ئات مىنىپ، ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلىشقا ھېرىسمەن ئەمەس. يەنە كېلىپ، بۇلارنىڭ خىتايچە ئۆگىنىشىنىڭ زادى نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ (358)

كېيىن ئوخشاش مەسىلە يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان ۋە بۇ خۇسۇستا تەكلىپ بەرگەن سۇڭ يۈنگە قارىتا، پادىشاه جيا چىڭ 1803 ـ يىلى تۆۋەندىكىدەك پەرمان چىقارغان:

ئىلى رايونى چېگراغا جايلاشقان بولۇپ، يات ئەللەر بىلەن قوشنىدۇر (359). بۇ يەردە ئۇرۇمچىدىكىدەك ئايماق ـ ناھىيە سىستېمىسى تەسىس قىلىنمىغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ يەردىكى چېگرامىزنى قوغداش مەكتەپ ئېچىشتىنمۇ مۇھىمدۇر. ئەگەر بۈگۈن خىتايچە ئۆگىتىلىشكە باشلانسا، ھەربىي ئىشلارغا بولغان قىزىقىش تۆۋەنلەيدۇ ۋە بۇ خۇسۇسىيەت بارغانسېرى يوقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە كەلگەن ئەسكەرلەر، دېھقانلار ۋە سودىگەرلەر قەغەز ـ قەلەم ئىشلىرىدىن ئانچە ـ

مۇنچە خەۋەرداردۇر. ئىلگىرى، يوق زونىنىڭ بۇ ھەقتىكى دوكلاتى مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە ئېنىق رەت قىلىنغانىدى. سوڭ يۇننىڭ بۇ دوكلاتتىكى كۆز قارىشىمۇ يوق زونىڭكىگە ئوخشاشتۇر (361).

ھەر ئىككى ھۆججەتتىن مەلۇم بولغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستان خىتايلار ئولتۇراقلاشقان رايون بولمىغاچقا، بۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ خىتاي تىلىنى ئۆگىنىشى ھاجەتسىز دەپ قارالغان؛ ھەتتا بۇ ئەھۋالدىن (يەنى مانجۇ-موڭغۇل ئەمەلدارلارنىڭ خىتايچە ئۆگىنىشىدىن) ئامال بار ساقلىنىشقا تىرىشىلغانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ «خىتايچە ئۆگىنىش خىتايلىشىپ كەتكەنلىكتۇر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاللىقاچان ئاجىزلاشقا باشلىغان ئات مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىش قاتارلىق ھەربىي ماھارەتلەر تامامەن يوقىلىدۇ» دەپ قارىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال مانجۇلارنىڭ كونا تۇرمۇش ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆز كىملىكىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك، ئىلى رايونى مانجۇ-جۇڭغار ئۇرۇشى مەزگىلىدە قۇرۇقدىلىپ قالغان ھەمدە بۇ يەرگە مانجۇ، موڭغۇل، خىتاي ۋە تۈركلەر يەرلەشتۈرۈلگەنىدى. ئىلى رايونى چېگراغا جايلاشقان ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇ ۋە موڭغۇللاردىن تەركىب تاپقان سەككىز تۇغ قوشۇنى ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇشۇ رايونىغا جايلاشقانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قەشقەر رايونىغا سېلىشتۇرغاندا، ئىلىدا تۈرك نوپۇسى شالاڭ، خىتاي نوپۇسى كۆپرەك ئىدى. شۇڭلاشقا، ئىلىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ پەرمانلارنى، خىتاينىڭ تەسىرى خېلى بەكلا تۆۋەن بولغان تارىم ئويمانلىقى ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەمۇرلىرى ھېسابلىنىدىغان بەگلەرنىڭ مانجۇچە ئۆگىنىشى قارشى ئېلىنغان. بۇ مەسىلىگە قارىتا، پادىشاھ چيەن لوڭنىڭ بىر پەرماندا مۇنداق دېيىلگەن:

فۇ چۈنىڭ دوكلاتىغا كۆرە، ھاكىمبەگ مەمەت ئابدۇللاھ بىر مانجۇچە مەكتەپ ئېچىشنى ھەمدە شۇ يەردە ئۇنىڭ ۋە باشقا بەگلەرنىڭ بالىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرىگە قائىدە-يوسۇن ۋە مانجۇچە ئۆگىتىشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ ئىنتايىن ياخشى، ماختاشقا ئەرزىيدىغان تەكلىپتۇر. مەن پادىشاھ بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدۇم. مەمەت ئابدۇللاھقا بىر توپ ئەتلەس سوۋغا قىلىش كېرەك. فۇچۇ بۇ تەكلىپنى ئويلىشىپ كۆرۈپ، مانجۇچە دەرسلەرنى ئۇيۇشتۇرسۇن ۋە بۇ مەكتەپكە ئۆزى خالاپ مانجۇچە دەرس ئۆتۈپ بېرىدىغان ئەمەلدارلارنى تاللىسۇن (362).

پەرماندىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، مانجۇچە ئۆگىنىشنى مەمەت ئابدۇللاھ ئىسىملىك ھاكىمبەگ تەۋسىيە قىلغان. بۇ تەكلىپ قارشى ئېلىنغان ۋە بەگلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مانجۇچە ئۆگىنىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىش خۇسۇسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن. چىڭ سۇلالىسى بۇ رەۋىشتە شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قۇرغان ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان (يەرلىك) ئەمەلدارلارنىمۇ تەربىيەلەپ چىقالايتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەنە بىر تەدبىرى كىيىم ـ كېچەككە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مانجۇلارنىڭ ئۆز تىلى بار بولغىنىدەك، ئۆزگە خاس كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى چاچ پاسونى ئىدى. مانجۇلار چېچىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ، قۇيرۇق شەكلىدە ئۆرۈۋالاتتى. مانجۇلار خىتايدا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان خىتايلارنىڭمۇ ئوخشاش شەكىلدە چاچ ئۆستۈرۈشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى (363). لېكىن، بۇ بەلگىلىمىنىڭ پەقەت سەددىچىنىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا، خىتايلارغىلا قارىتىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا بولسا، بۇنداق بەلگىلىمە يولغا قويۇلمىغان. ھالبۇكى، بۇ رايوندا ۋەزىيەت تەتۈر تەرەققىي قىلىپ، بىر قىسىم شەرقىي تۈركىستانلىقلار مانجۇلارنى دوراپ، چېچىنى ئۇزۇن قۇيرۇقسىمان ئۆستۈرمەكچى بولغان. بۇ خۇسۇستا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنلار توپلىمىدىكى بىر ماددىدا شۇنداق دېيىلگەن:

دوكلاتلارنىڭ نەتىجىسىدە شۇنداق قارار چىقىرىلدىكى، ھاكىمبەگ ۋە باشقا تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ، شۇنداقلا خانلىققا ساداقەتمەن ۋە پايدىسى يەتكەن كىشىلەرنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى چېچىنى قۇيرۇقسىمان ئۆستۈرمەكچى بولسا، بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقىلارنىڭ چېچىنى قۇيرۇقسىمان ئۆستۈرۈشى مەنئى قىلىنىدۇ (364).

بۇنىڭدىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، چىڭ سۇلالىسىغا خىزمەت قىلغان بەگلەردە تاشقى قىياپەتنى مانجۇچىلاشتۇرۇش دولقۇنى قوزغالغان، ئېھتىمال بەگلەر تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ھۆكۈمدارلار تەبىقىسىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن مانجۇلارغا ئوخشىۋېلىشقا تىرىشقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا ئۇلار تاشقى قىياپىتى ئارقىلىق خەلقتىن پەرقلىنىپ تۇرالايتتى ۋە ھۆكۈمدار تائىپە سۈپىتىدە بۇنىڭدىن نەپ ئالالايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرلارنىڭ چېچىنى قۇيرۇقسىمان ئۆستۈرۈشىگە يول قويۇلمىغان. چىڭ ھۆكۈمدارلىرى (شەرقىي تۈركىستاندىكى) بەگلەرنىڭ ئۆزگە ياخشىچاق بولۇش ئىستىكىنى بايقىغان ۋە (ئۇلارنىڭ رايىغا ماس ھالدا) تۆۋەن ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئارىسىدا مۇشۇ شەكىلدە ئىمتىياز پەرقى يارىتىپ، قۇيرۇقسىمان چاچنى ئۈستۈن ماقامنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەنە بىر تەدبىرى توي قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار مانجۇلارنىڭ خىتايلار بىلەن توي قىلىشىنى چەكلىگەندەك، شەرقىي تۈركىستاندىكى توي ئىشلىرىغىمۇ بىر قاتار چەكلىمىلەرنى قويغان. بۇلاردىن بىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگراسى سىرتىدىكى رايونلاردىكى خەلقلەر بىلەن توي قىلىشنىڭ؛ شۇنداقلا مۇسۇلمانلار بىلەن خىتايلارنىڭ توي قىلىشىنىڭ چەكلەنگەنلىكى ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگراسى سىرتىدىكى رايونلاردىن قەشقەرگە ئەڭ كۆپ كېلىپ ـ كېتىدىغانلار خىتاي

**مەنبەلىردە «ئەندىجانلىقلار» دەپ ئاتالغان قوقەند خانلىقىنىڭ كىشىلىرى ئىدى. پادىشاھ چيەن لوڭنىڭ 1796 ـ يىلدىكى بىر پەرمانىدا مۇنداق دېيىلگەن:**

**ئەندىجانلىقلارغا ياتلىق بولغان مۇسۇلمان قىزلارنىڭ ئەندىجانغا كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلمەسلىكى كېرەك. لېكىن، بۇگۈنگە قەدەر بىر قانچە ئەۋلاد توي قىلغان كىشىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنىشقا بولىدۇ. مەھمۇد شېرىفنىڭ ئايالىغىمۇ مۇشۇ قائىدە تەدبىقلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، مۇسۇلمان قىزلارنىڭ ئەندىجانلىقلار بىلەن توي قىلىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارغا قاتتىق جازا بېرىلگەي! (366)**


**بۇنىڭدىن مەلۇم بولغىنىدەك، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان جايلاردىن سودا ياكى باشقا مەقسەتلەر بىلەن قەشقەر رايونىغا كەلگەنلەرنىڭ يەرلىك كىشىلەر بىلەن توي قىلىش مەنئى قىلىنغان. يەنە مۇشۇ خۇسۇستا، پادىشاھ داۋ گۇاڭنىڭ 1829 ـ يىلدىكى پەرمانى تۆۋەندىكىچە:**

**مۇسۇلمان زېمىنىدىكى شەھەرلەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئەندىجان نوپۇسىنى تەكشۈرۈش ھاكىمبەگلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. ئۇلار ھەر ئايدا نوپۇس ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈپ، بۇيۇك مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە دوكلات قىلىدۇ. ئەگەر ئەندىجانلىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتى بارلىقى بايقالسا، ئۇلار ئاجراشتۇرۇلىدۇ. (يەرلىك) مۇسۇلمانلار نىكاھ چەكلىمىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىدۇ، ئەندىجانلىقلار دەرھال چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا كۆز يۇمۇلغانلىقى ئېنىقلانسا، مۇناسىۋەتلىك بەگ ئىشتىن بوشىتىلسا بولىدۇ. ئەگەر ھاكىمبەگ بۇ ئەھۋالنى بايقىمىغان بولسا، مەنسىپى بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىلىپ باشقا يەرگە يۆتكىلىدۇ (367).**

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

«تارىخنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن 19 ـ ئەسىردىكى قەشقەر» ناملىق كىتابتىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

* نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى ئورگىنالىغا قارالسۇن.



تارىخ ۋە بىز
ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى
ئۈچەس يۇلتۇزلار
تۇرسۇن ئەپەندى

# ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ بايراقدارى تۇرسۇن ئەپەندى

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

تۇرسۇن ئەپەندى 1886 ـ يىلى ھازىرقى ئاتۇشقا قاراشلىق ئىكساقتا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ھەسەنئاخۇن شۇ يەردىكى مەرىپەتپەرۋەر دېھقانلارنىڭ بىرى ئىدى. دادىسىدىن باشلانغۇچ سەۋىيەدىكى بەزى بىلىملەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، بەزى مۇھىم دىنى ساۋاتلارنى ئىگىلەپلا قالماي يەنە قۇرئان كەرىمنىڭ مەلۇم قىسمىنى يادلىغان تۇرسۇن ئەپەندى 1894 ـ يىلىدىن باشلاپ ھۈسەنباي ۋە باۋۇدۇنباي يۇرتى ئىكساقتا قۇرغان ھۈسەينىيە مەكتىپىدە ئوقۇشقا باشلىغان.

1899 ـ يىلى مەزكۇر مەكتەپ ئاتۇشتىكى يەنە باشقا ئۈچ چوڭ ئائىلىنىڭ قوللىشى بىلەن تۇنجى تۈركىيەدە سەككىز ئەلاچى ئوقۇغۇچىنى چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقىرىپ، زو زۇڭتاڭ ئىشغالىيىتىدىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق چەتئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش خىزمىتىنى باشلىغان. تۇرسۇن ئەپەندىمۇ شۇ سەككىز نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدە بار ئىدى. ئۇلار شۇ چاغدىكى ئوسمانىيلارنىڭ پايتەختى ئىستانبۇل شەھىرىدە ئوقۇشنى باشلاپ، 1905 ـ يىلى ھەر بىرى بىردىن پەننى پۇختا ئىگىلەپ، شۇ يىلىلا ئىكساققا قايتىپ كېلىپ ھۈسەينىيە مەكتىپىدە ئىشقا چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سانى ۋە سۈپىتى زور دەرىجىدە يۈكسەلگەن. بىراق تۇرسۇن ئەپەندى باشقا يەتتە ساۋاقدىشى بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كەتمەي، داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇپ، 1910 ـ يىلى خان جەمەتى ئۇنىۋېرسال بىلىملەر ئالىي بىلىم يۇرتىدىكى ئوقۇشنى تولۇق تۈگىتىپ، شۇ يىلدىن باشلاپ مەزكۇر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە بىر مەزگىل ئىشلىگەن. 1912 ـ يىلى ئۇ ئەمدىلا مەزكۇر مەكتەپتىكى ئۆزى بۇرۇن ئوقۇغان فاكۇلتېتىنىڭ ئىلمي مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلىنغاندا، ئوسمانىيلار ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بالقان ئەللىرى ئارىسىدا تۇنجى قېتىملىق بالقان ئۇرۇشى پارتلىغان. ئوخشاش ۋاقىتتا تۇرسۇن ئەپەندىگە ئانا يۇرتىدىن ھاياجانلىق خۇش خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىغان. ئۇ يىراق ئىستانبۇلدا تۇرۇپ، 1912 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننى قايتا يۇتۇۋالغىنىغا 33 يىل بولغان مەنچىڭ خانلىقىنىڭ زاۋال تاپقانلىقىنى، قۇمۇلدا تۆمۈر خەلىپە ۋە تۇرپاندا مۆيدىن خەلپەتىنىڭ چوڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەنچىڭ خانلىقىنىڭ قالدۇق مىلىتارىستلىرىغا قارشى ئازاتلىق ئۇرۇشىنى باشلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپلا قالماي، يەنە قەشقەر تەرەپتىمۇ ئاۋام ئىچىدە ئاقارتىش ۋە ئويغىنىش ھەرىكىتى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان. شۇ ۋەجىدىن تۇرسۇن ئەپەندى

ئالىي مەكتەپتىكى بارلىق خىزمەتلىرى ۋە ئىمتىيازلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ۋەتىنىدىكى خەلقىگە خىزمەت قىلىشتەك ئۇلۇغۋار غايە بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

تۇرسۇن ئەپەندى قايتىپ كەلگەندە گەرچە قۇمۇل ۋە تۇرپاندىكى ئۇيغۇر قوزغىلاڭلىرى قانلىق باستۇرۇلغان بولسىمۇ، بىراق تارىم ۋادىسىدىكى قەشقەردە ھېلىھەم ئۇيغۇر خەلقىنى ئويغىتىش ۋە ئاقارتىش خىزمەتلىرىگە پۈتىلكاشاڭ بولغىدەك يامان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا تۇرسۇن ئەپەندى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۈسەينىيە مەكتىپىنىڭ ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل بىر ئالىي مەكتەپكە ئايلىنىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ئۇ ھىممەت كۆرسىتىشتە تولىمۇ يالغۇزلۇق ھېس قىلغۇاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېكساقىقا ئوسمانىيلار ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەخسۇس ئەۋەتىلگەن زىيالى ئەھمەد كامال يېتىپ كېلىدۇ. ئەسلىدە تۇرسۇن ئەپەندى ۋە مەسئۇت سەبىرى بايقۇزى ئەپەندى قاتارلىقلار 1909 ـ يىلى ئابدۇلھەمىدخاننى ئاغدۇرۇپ تەختكە چىققان ئۈچ پاشا باشچىلىقىدىكى «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھۆكۈمىتى» گە كۆپ قېتىم شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر خەلقىنى ھەر جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈش ھەققىدە كۆپلىگەن مۇھىم تەكلىپلەرنى بەرگەن بولۇپ، ئوسمانىيلار ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ تەكلىپلىرىگە ئاۋاز قوشۇپ ئەمەلىي ئىش قىلغۇچە 1911 ـ يىلى ئىتالىيە ئوسمانىيلارغا قاراشلىق «ترابلۇس غەرب»كە (ھازىرقى لىۋىيەنىڭ شۇ چاغدىكى نامى) ھۇجۇم قىلغان. نەتىجىدە ئەنۋەر پاشا ۋە مۇستاپا كامال پاشالار شىمالىي ئافرىقا ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ ئىتالىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرغان. ئوسمانىيلار بىراق ئافرىقىدا جەڭ قىلىۋاتقاندا ئوسمانىيلارغا قاراشلىق بالقاندىكى ھەر قايسى ئاپتونوم رايونلار ۋەكىنەزلىكلەر ئوسمانىيلارغا قارشى ئىتتىپاق قۇرۇپ، 1912 ـ يىلى بىرىنچى قېتىملىق بالقان ئۇرۇشىنى قوزغىغان. 1913 ـ يىلى مەزكۇر بالقان دۆلەتلىرى ئوسمانىيلاردىن شۇلۇۋالغان زېمىنلارنى تىنىچ بۆلۈشەلمەي ئۆز ئىچىدە ئىككىنچى قېتىملىق بالقان ئۇرۇشىنى قوزغىغاندا، ئوسمانىيلارنىڭ قەھرىمانى ئەنۋەر پاشا ئوسمانىيلار بىلەن بىۋاستە چېگرالانمايدىغان باشقا بالقان ئەللىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ بۇلغارىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، شۇ يىلى ئىيۇلدا بۇرۇنقى پايتەخت ئەدىرنە ۋە ئەتراپىدىكى جايلارنى بۇلغارىيەدىن قايتۇرۇۋالغان. يۇقىرىقى بىر قاتار چوڭ كېلىشمەسلىكلەر ئوسمانىيلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئاقارتقۇچى زىيالىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئەۋەتىش ئىشىنى 1914 ـ يىلغىچە كېچىكتۈرۈپ قويغان.

دەرۋەقە 1914 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ئۇرۇشلاردا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاتتىق خوراپ، باشقا تۈرلۈك ئېغىر كرىزىسلارغا پاتقان ئوسمانىيلار سۇلتانلىقى بىر مەيدان دۇنياۋى زور ئۇرۇشنىڭ قايىنىمىغا سۆرۈلۈپ كىرىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا ئەنۋەر پاشا، تالات پاشا قاتارلىق ياش تۈركلەر گۇرۇھى ئوسمانىيلار سۇلتانلىقىنىڭ بارغانسېرى زەئىپلىشىۋاتقان ھاكىمىيەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، رۇس ۋە خىتاي ئىشغالىيىتىگە چۈشۈپ قالغان بىپايان تۇران تۇپراقلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش، شۇنداقلا پۈتكۈل تۈرك

قەۋملىرىنىڭ تۈركلۈك ئېڭىنى ئويغىتىش ئۈچۈن مەركىزىي ئاسىياغا قايتىش ئىستراتېگىيەسىنى رەسمىي كۈنتەرتىپكە قويغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 1914 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھۆكۈمىتى» ھەج سەپىرىدىن قايتىپ ئىستانبۇلغا كەلگەن ئوبۇلھەسەن مۇساباي ( 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتتە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى بولغان كىشى ) بىلەن كۆرۈشۈپ، ياش تۈرك ئوقۇتقۇچى ئەھمەد كامالنى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتكەن. ئەھمەد كامال داڭلىق تۈرك زىيالىيسى زىيا كۆكئالپنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ئوقۇغۇچىسى ئىدى. زىيا كۆكئالپ ۋە تالات پاشانىڭ ئۇنى ئۇزىتىش ئالدىدا قىلغان ھاياجانلىق سۆزلىرى ھېلھەم ئارخىپ ماتېرىياللىرىدا ساقلانماقتا. بەختكە يارىشا بۇ چاغدا تېخى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىمىغان بولغاچقا، ئەھمەد كامالنى باشلاپ ماڭغان بەش ئۇيغۇر 1914 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىستانبۇلدىن ئۇدىۇل ئودېسساغا قاراپ يولغا چىققان ئورۇس پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ سەپەرنى باشلىغان. ئۇلار ئودېسسا ئارقىلىق خاركوف ۋە سامارا قاتارلىق جايلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، ھازىرقى ئورىنبۇرگ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، ئاندىن ئۇ يەردىن پويىز بىلەن كابىلسايىنى كېسىپ ئۆتۈپ تاشكەنتكە كەلگەن. ئاخىرىدا ئاتلىق يول يۈرۈپ، تاشكەنتتىن قوقان، مەرغىلان ۋە ئەنجان ئارقىلىق ئوشقا كېلىپ، ئوشتىن كارۋانلارغا قوشۇلۇپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپ، شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قەشقەرگە سالامەت يېتىپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى سەپەر 27 كۈن داۋام قىلغان. قەلبىگە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پۈككەن ياش تۈرك ئوقۇتقۇچى ئەھمەد كامالنىڭ قەشقەرگە كېلىشى ئەينى ۋاقىتتا مىللەتنى زامانىۋىي مائارىپ ئارقىلىق ئويغىتىش ئۈچۈن تىپىرلاۋاتقان ئۇيغۇر سەرخىللىرىغا ئۈمىد بېغىشلىغان. بولۇپمۇ تۇرسۇن ئەپەندى ۋە ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق مائارىپ سەركىلىرى ۋە ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئۆچۈپ قالاي دېگەن مەرىپەت چوغلىرىنى قايتا يالقۇنجاتقان.

رودۇس ئارىلىدا تۇغۇلغان ئەھمەد كامال ئىلقۇل قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە ھەر جەھەتتىن بىر قاتار توسالغۇلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت قەتئىيلىك بىلەن چىڭ تۇرۇشى، مەرىپەتپەرۋەر باھاۋۇدۇن مۇسابايىنىڭ ھامىيلىق قىلىشى، تۇرسۇن ئەپەندى باشلىق سەپداشلىرىنىڭ پوزىتسىيىسى، شۇنداقلا ئابدۇقادىر داموللام، ئەلى ھاجى قاتارلىق يەرلىك سەرخىللارنىڭ قوللىشى نەتىجىسىدە، 1914 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاتۇشتا ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەيدىغان «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھاد ( بىرلىك — ئوقۇتقۇچىلار ئالىي بىلىم يۇرتى)» مەكتىپى ئېچىلغان.

1914 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەر ۋە ئاتۇشتا بىر مەھەل جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى ئەھمەد كامالنىڭ ئالدى بىلەن جەمئىيەت قۇرۇش، يەنى «ئىسلامىي خەيرىيە جەمئىيىتى» قۇرۇپ، خەلقنىڭ كۈچى ئارقىلىق مائارىپقا ئىئانە توپلاش ھەمدە ئۇنى كەڭ خەلقنىڭ ئاممىۋى ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش تەشەببۇسىدىن باشلانغان. بۇ تەشەببۇسقا ئالدى بىلەن تۇرسۇن ئەپەندى قاتارلىق

سەپداشلىرى ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئاۋامغا ئۈلگە بولغان. گەرچە «خەيرىيە جەمئىيىتى»نى قەشقەر شەھرىدە قۇرۇش پىلانلانغان بولسىمۇ، ئەمما قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ باي بولغان ئۆمەر ئاخۇنباينىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن ئاقارتىش تەرەپدارلىرى بۇ ئورگاننى ئاتۇشتا قۇرۇشقا مەجبۇر بولغان.

1914 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىغا كەلگەندە، ئوسمانىيلار سۇلتانلىقىنىڭ ئىستىخبارات تەشكىلاتى بولغان «تەشكىلاتى مەخسۇسە» ناملىق ئورگان تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلگەن ئادىل ھېكمەت بەي، سەلىم سامى بەي، ھۈسەيىن ئەمرۇللا بەي قاتارلىق بەش نەپەر تۈرك خادىم قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. بۇ تەشكىلاتنى ئەنۋەر پاشا بىر قوللۇق قۇرۇپ چىقىپلا قالماي، يەنە ئەزالىرىنىمۇ ئەڭ قابىل ۋە سەرخىل ۋەتەنپەرۋەرلەردىن تاللاپ قوبۇل قىلغانىدى. شۇڭلاشقا ئۆزى ھەربىي بولغىنى بىلەن ئاغزىدىن ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە جاھان يېڭىلىقلىرى تۆكۈلۈپلا تۇرىدىغان بۇ بەش تۈركنىڭ قەشقەرگە يېتىپ كېلىشى بىلەن قەشقەردىكى يېڭىچە مائارىپ ئاقارتىش ۋە مىللىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ باشلىقى بولغان ئادىل ھېكمەت بەينىڭ «ئاسىيادا بەش تۈرك» ناملىق ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، شۇ مەزگىللەردە باھاۋۇدۇن مۇساباي ۋە ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق يەرلىك نوپۇزلۇق سەرخىللار ئۇلارنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرىنى قوللىغان. باھاۋۇدۇن مۇسابايىنىڭ ھامىيلىقى بىلەن ئەھمەد كامال ئاتۇشتا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئېچىپ، «خەيرىيە جەمئىيىتى»نى قۇرغاندىن كېيىن، بۇنىڭ تەسىرى قەشقەر شەھرىدىكى ياشلارنى ۋە يەرلىك مۇنەۋۋەرلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن قەشقەر مۇنەۋۋەرلىرىمۇ ئۆمەر باينىڭ توسقۇنلۇقىغا قارىماي قەشقەردە «خەيرىيەت جەمئىيىتى» قۇرغان. ئەينى چاغدا قەشقەر ۋە خوتەندە زىيارەتتە بولغان تاتار مۇخبىرى نوشىرۋان يائۇشېۋ بۇ جەمئىيەتنىڭ «كاشغەر نەشر ـ مائارىپ جەمئىيىتى» دەپ ئاتالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

تولىمۇ ئەپسۇس، 1912 ـ 1914 ـ يىللىرى قۇمۇل، تۇرپان، ئالتاي، چۆچەك ۋە ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن پاجىئەلىك باستۇرغان مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن 1914 ـ يىلى يازدا باشلانغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تەسىرىدە تېزلا پۈتۈن دىققىتىنى تېخىچە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى سىرتىدا تۇرۇۋاتقان بىپايان تارىم ۋادىسىغا يۆتكەپ، 1914 ـ يىلى كۈزدە ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان تۇڭگان باتالىيونىنىڭ باشلىقى ما فۇشىڭ ئىسىملىك ھىيلىگەر تۇڭگاننى ئالاھىدە چاقىرتىپ، ئۇنى تارىم ۋادىسىنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەر ۋىلايىتىگە تىتەي قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ئۇقتۇرغان. ئاندىن ما فۇشىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدى، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى بىر قاتار مۇھىم سىياسىي قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، مۇشۇ بويىچە ئىش كۆرۈشنى قاتتىق جېكىلەپ، ئۇنى قەشقەرگە يولغا سالغان. ما فۇشىڭ شۇ يىلى كۈزدە قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، چېڭسەن دارىن دېگەن كىشىدىن تىتەيلىك تامغىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، رەسمىي تىتەيلىك مەنسىپى بىلەن

يېڭىشەھەردىكى ئوردىدا ئولتۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئۆزىگە قاراشلىق ھەربىي قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، تارىمدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ بارلىق سىياسىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى، ھەتتا قەشقەردە تۇرۇشلۇق چاررۇسىيە، بۈيۈك بىرىتانىيە كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملىرىنى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى چاقىرىپ، كاتتا زىياپەت قىلىپ كۈتۈۋالغان. ئۇ زىياپەتتە سۆز قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن قەشقەرگە تىتەيلىككە بەلگىلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلغان ۋە ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى سىياسىي كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، بۇرۇنقىلار ماڭغان يولدا ماڭىدىغانلىقى، ياڭ زېڭشىننىڭ بارلىق سىياستىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىجرا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ توختالغان. دەرۋەقە، تۈنجى زەربە نىشانى يەنىلا ئېكىساقتىكى ھۈسەينىيە مەكتىپى ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىرى بولغان. ئاقىۋەت، ئەھمەد كامال 1914 ـ يىلى 2 ـ نويابىر مەسچىت ئىچىدە ئاۋامغا قويۇپ بەرگەن درامىدىن كېيىنلا قەشقەر شەھىرىدىكى جاھالەت پىرلىرىنىڭ ئاتامانى سېلىم داموللا ۋە ئۇنىڭ ئارقا تېرىكى ئۆمەر ئاخۇنبايىنىڭ كۈشكۈرتۈشى نەتىجىسىدە تۈنجى قېتىم قولغا ئېلىنغان. چۈنكى شۇ يىلى 12 ـ نويابىر ئوسمانىيلار گېرمانىيە بىلەن بىر سەپتە ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، چاررۇسىيە ۋە ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى ئانتانتا ئەللىرىگە قارشى ئۇرۇشقا كىرگەن بولۇپ، بۇ ھال قەشقەردىكى ئورۇس ۋە ئېنگلىز كونسۇللىرىنى ئەھمەد كامالغا قارىتا ئالاھىدە سەزگۈر قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئەھمەد كامال بۇ قېتىم تۈرمىدە 75 كۈن سولاپ قويۇلغان. ئەھمەد كامال بۇ قىلمىشنى دەل ۋاقتىدا شۇ چاغدىكى ختايدا تۇرۇشلۇق گېرمانىيە كونسۇلىغا تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلغاچقا، بۇ قېتىم گېرمانىيە كونسۇلى ختايدىكى شىمال مىلىتارىستلىرى ئارقىلىق ياڭ زېڭشىنغا بېسىم ئىشلەتكەن. نەتىجىدە ياڭ زېڭشىن ئەھمەد كامالنى شەھەردىن سىرتقا چىقماسلىق، ئاۋام بىلەن ئارىلاشماسلىق ۋە مەكتەپ ئىشلىرى بىلەن ئەمدى مەشغۇل بولماسلىق شەرتى ئاساسىدا كاپالەت بىلەن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ چاغدا ختاي بىلەن ئوسمانىيلار ئارىسىدا ھېچبىر مۇناسىۋەت بولمىغاچقا، ختايدىكى تۈرك پۇقرالىرى گېرمانىيە كونسۇلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن قوغدىلىۋاتقان ئىدى.

ئەھمەد كامال قويۇپ بېرىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، 1915 ـ يىلى يازدا تۇڭگان ما تىتەي تاقىۋەتكەن قۇتلۇق مەكتەپ قايتىدىن ئېچىلغان. 1915 ـ يىلى 3 ـ نويابىر كۈنى، قەشقەر يارباغدا قەشقەردىكى 114 نەپەر يۇرت ئاقساقاللىرى، قەشقەرنىڭ مۇپتىسى ئابدۇقادىر داموللام ۋە قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر ساقچى باشلىقى قاتارلىقلارنىڭ قوللىشىدا قەشقەردە بىرلا ۋاقىتتا «ھىلالىيە» ۋە «رېشادىيە» مەكتىپى قۇرۇلغان. بىراق 1916 ـ يىلى يازدا ئۈچ نەپەر گېرمانىيەلىك ئافغانىستان ئارقىلىق يەكەنگە كەلگەندە، ياڭ زېڭشىن ۋە ماتىتەي ئەھمەد كامال ۋە يېڭى قۇرۇلغان مەكتەپلەرنى يەنە بىر قېتىم پىچەتلەش پۇرستى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەھمەد كامالنى يەنە تۇتقۇن قىلغان. بۇ قېتىم ئەھمەد كامال تۈرمىدىن چىقالمىغانلىقى ئاز دەپ، يەنە تېخى 1917 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل كۈچارغا يۆتكەپ كېتىلگەن. بىراق ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭدىن يەنە خاتىرجەم بولالماي، 15 كۈندىن كېيىن ئۇنى ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىگە يۆتكەپ تاكى 1918 ـ يىلى بىرىنچى

دۇنيا ئۇرۇشى تولۇق ئاخىرلاشقۇچە تۇتۇپ تۇرغان. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خىتايدىكى تۈركلەر، گېرمانلار ۋە ياۋروپالىقلار شاڭخەي ئارقىلىق ئۆز ۋەتىنىگە قايتۇرۇلۇشقا باشلىغان. شۇ قاتاردا ئۈرۈمچىدىكى ئىككى يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان ئەھمەد كامالمۇ 1920-يىلى 2-ئايدا تۆت خىتاي چېرىكنىڭ نازارىتىدە شاڭخەيگە يېتىپ كېلىپ، بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ياپونلار چىڭداۋدا ئەسىرگە ئالغان گېرمانىيەلىكلەر بىلەن بىللە ياپونلارنىڭ ناۋكاۋمارۇ ناملىق پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ ھامبۇرگقا كېلىپ، ئۇ يەردىن رېشت پاشا نامىلىق پاراخوت بىلەن 1920-يىلى 6-ئاينىڭ 18-كۈنى ئاران ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلگەن. شۇنداق قىلىپ ئەھمەد كامال يۇرتىدىن ئايرىلغان 6 يىل 4 ئاي ئىچىدە، قەشقەردە جەمئىي 95 كۈن، كۇچاردا 15 كۈن، ئۈرۈمچىدە 2 يىل، شاڭخەيدە يېرىم يىلغا يېقىن زىندانغا سولانغان. ئۇ 1966-يىلى 22-ماي ۋاپات بولغان.

ياڭ زېڭشىن ئەھمەد كامال ۋە باشقا بەش تۈرك ھەربىي بىلەن تارىمغا كەلگەن بارلىق گېرمانىيەلىكلەرنى يۇقىرىقىدەك بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىنلا، 1917-يىلدىن باشلاپ پۈتۈن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە سولاپ، چەتئەل بىلەن بولغان باردى-كەلدىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتكەن. قوشنا ئەللەردىكىلەر ۋەتەنگە قايتىپ كېلەلمىگەن. تارىمدىكىلەر سىرتقا چىقالمىغان. ئەنە شۇنداق ئىشكىنى چىڭ تاقىۋېلىش يولى ئارقىلىق ياڭ زېڭشىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئويغىنىشى ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى چارەك ئەسىر كەينىگە سۈرۈۋەتكەن. چۈنكى 1917-يىلدىن 1932-يىلغىچە بولغان 15 يىلدا تارىم ۋادىسى زۇلمەت ئىچىدە قالغان. بۇچاغدا پەقەت قەشقەردىلا ئابدۇقادىر داموللام ۋە قۇتلۇق ھاجى شەۋقى باش بولغان ئاقارتىش ھەرىكىتى 1919-يىلدىن 1924-يىلغىچە داۋام قىلىپ، ئابدۇقادىر دامولام 1924-يىلى 14-ئاۋغۇست كۈنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان. نەتىجىدە تۇرسۇن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىمۇ تاكى 1933-يىلغا قەدەر ئاقارتىش ئىشلىرىنى مەخپىي ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان.

1933-يىلى قەشقەردە يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تولۇق غەلىبە قىلىپ، شۇ يىلى 12-نويابىر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئىسىملىك تۇنجى مىللىي دۆلەت قۇرۇلدى. بۇ دۆلەت شۇ كۈنىلا ھەرقايسى ۋازارەتلەرنى تەسىس قىلىپ، ئىشلىرىنى باشلاپ كەتتى. شۇ قاتاردا ئوبۇلھەسەن مۇساباي دېھقانچىلىق مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلەندى. گەرچە بۇ دۆلەت 1934-يىلى يازدا ستالىن ۋە شېڭ شىسەينىڭ قوللىشىدىكى تۇڭگان باندىتلىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ھالاك بولغان بولسىمۇ، بىراق تۇرسۇن ئەپەندى قاتارلىقلار ئەڭ ئارزۇلۇق ئوقۇغۇچىسى بولغان مەتېلى ئەپەندى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە 1934-يىلى يازدىن باشلاپ، گېنىرال مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوللىشىدا ئاتۇشتا قايتىدىن نۇرغۇن مەكتەپلەرنى ئېچىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قەشقەر ۋە ئاتۇشتا نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانلارنى يېتىشتۈردى.

تولىمۇ ئەپسۇس، 1937 ـ يىلى ئاپرىلغا كەلگەندە، قەشقەر ۋە ئاتۇشنى يەنە بىر قېتىملىق چوڭ پاجىئە باستى. شۇ يىلى 2 ـ ئاپرېل مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردىن ئايرىلىپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا قادىر ھاجى باشچىلىقىدىكى ك گ ب كۈچلىرى شۇ يىلى 5 ـ ئايدا قەشقەر ۋە ئاتۇشتا كەڭ كۆلەملىك چوڭ تېررورلۇق ھەرىكىتى قوزغاپ، بارلىق داڭدار ئۆلىمالار ۋە زىيالىلار، ئىسلاھاتچىلار، ئويغاق يۇرت ئاقساقاللىرى ۋە بارچە ۋەتەنسۆيەر جەسۇر ئوغلانلارنى تۇتقۇن قىلىپ، قەشقەرنى شۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ ئۇستى ئوچۇق تۈرمە قىلىپ قويىدى. قادىر ھاجى ۋە كاللا كېسەر جاللات رازاق مەۋلانوف ئالدى بىلەن قۇتلۇقھاجى شەۋقى ۋە تۇرسۇن ئەپەندى قاتارلىق ئاقارتقۇچى ئۇستازلارنى قىيناپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرىدا ئۆلتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قالغان مەمتىلى ئەپەندى باشلىق 300 نەپەردىن ئارتۇق مائارىپ سەركىلىرىنى 1937 ـ يىلى 30 ـ ماي كېچە ئوقۇتا تۇتۇپ ۋە ئۇستىگە بىنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋېتىپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە قېچىپ كەتكەن. ئەتىسى قەشقەرگە زەپەر قۇچۇپ كىرگەن ئابدۇنىياز كامال قوشۇنى قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىدىكى بۇ پاجىئەلىك كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ، پۈتۈن ۋەتەننى ئازاد قىلىش يولىدا ئاداققىچە ئۇرۇش قىلىشقا قەسەم بېرىشكەن. ئۇلار قەسەمگە سادىق بولدى. ئۆزىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئۇستازلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنى ئازاد قىلاي دەپ قالغاندا، ستالىن موسكۋادىن ئەۋەتكەن ئالاھىدە ئۇرۇش قىسمى تارىمغا كىرىپ، يەنە بىر قېتىم جاللات شىڭ شىسەينى قۇتقۇزۇپ قالدى.

1937 ـ يىلىدىكى پاجىئە 1957 ـ يىلى، 1966 ـ 1978 ـ يىللىرى، 1990 ـ يىلى، 1997 ـ يىلى، 2009 ـ يىلى ۋە2017 ـ يىللىرى قايتا ـ قايتا تەكرارلاندى. بىراق ئۇيغۇرلار زۇلۇمغا قىلچە تىز پۈكمىدى. بۇندىن كېيىنمۇ تىز پۈكمەيدۇ. تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زىيانكەشلىكلەرنى ۋە زۇلۇم ـ ستەملەرنى سالغان دۈشمەنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ھالاك بولۇپ تارىخنىڭ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالغان بولسا، دەل ئەكسىچە ئۇيغۇرلار بىلەن ھەمكارلاشقان ۋە ئۇيغۇرلارنى ئۇستاز تۇتقانلارنىڭ دۆلىتى ۋە نەسلى ھېلىھەم داۋاملاشماقتا. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيەتتە ئۈمىدىنى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك. تارىخنىڭ زۇلمەتلىك سەھىپىلىرى ئاساسەن يېتەرلىك قايتىلىنىپ بولدى. ئەمدى بىز يۇقىرىقى «ئىزچىلار» ۋە پېشۋالارنىڭ يولىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ شانلىق سەھىپىلىرىنى قايتىلاش ئۈچۈن تەييار بولۇشىمىز كېرەك.



# ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئافرىقادا قانداق تىركىشىۋاتىدۇ؟

مارىي تولىموندى

# ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئافرىقادا قانداق تىركىشىۋاتىدۇ؟

مارىي تولىموندى

ئافرىقا بارغانسېرى بېيجىڭ بىلەن ۋاشىڭتون ئوتتۇرىسىدىكى يەرشارىۋى تىركىشىشنىڭ يادروسىغا ئايلانماقتا. بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى ئانتونى بىلىنكېن ۋە خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئافرىقانى زىيارەت قىلغانلىقى ئۇشبۇ نوپۇز كۈرىشىنىڭ ئەڭ يېڭى ئۆرنەكلىرىدىندۇر. بىز بۇ ماقالىدە مەزكۇر دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ھەربىي ئەسلىھە، قورال ـ ياراغ سېتىش ۋە تەرەققىيات ياردىمى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۈستۈنلۈكلىرى ۋە ئاجىزلىقلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

بۇلتۇر 28 ـ نويابىردىن 30 ـ نويابىرغىچە داكاردا ئۆتكۈزۈلگەن «خىتاي ـ ئافرىقا ھەمكارلىقى مۇنبىرى»دە، ۋاڭ يى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭغا ۋاكالىتەن ئافرىقا ئەللىرىگە بىر قاتار يېڭى ۋەدىلەرنى بەردى. ئانتونى بىلىنكېنمۇ شۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى داكارغا بارغان بولۇپ، بۇ قېتىئەنىڭ «(جوۋ بايدېننىڭ) دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ مەركىزىدە» ئىكەنلىكىنى قاتتىق تەكىتلىگەنىدى.

ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ئافرىقا جەھەتتە زادى قانداق ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرى بار؟ ئىقتىسادىي جەھەتتە، خىتاينىڭ ئالدىدا ئىكەنلىكى شەك ـ شۈبھىسىز. گەرچە نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر ۋە بىر قىسىم ئافرىقا دۆلەت باشلىقلىرى خىتاينىڭ سېخىيلارچە ياردەم قىلىش ۋەدىسىدىن ئۈمىدىنى قىسمەن ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن خىتاي ئافرىقا ئەللىرى ئۈچۈن يەنىلا مۇھىم ئىقتىسادىي شېرىكتۇر.

لېكىن، ئامېرىكا يەنىلا ھەربىي ساھەدە خىتايدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. خىتاينىڭ ئافرىقا قىتئەسىدە، يەنى جىبۇتىدا پەقەت بىرلا ھەربىي بازىسى بار. ئامېرىكانىڭ تەخمىنەن 6000 ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوندىن ئارتۇق رەسمىي بازىسى بار.

«يۇمشاق كۈچ» بەيگىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ خىل كۈچ رىقابىتى گاھىدا ــــ بولۇپمۇ ھەر ئىككى دۆلەت ئۆزلىرىنىڭ سانائىتى تايىنىدىغان قېزىلما بايلىقلارغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىدە ــــ ئاساسەن ئىجابىي تەرزدە بولىدۇ. لېكىن، ئامېرىكا كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدىكى خىتاي بىلەن بولغان كانچىلىق رىقابىتىدە ئارقىدا قالغان بولۇپ، خىتاي بىلەن كونگو ئارىسىدىكى

«ئەسرلىك توختام»نىڭ تەپسىلاتلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئامېرىكا ـ خىتاي باش ئەلچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى «تىل جېڭى»گە ئايلاندى.

ھەربىي مەۋجۇتلۇق سېلىشتۇرمىسى

ئامېرىكانىڭ ئافرىقا قىتئەسىدىكى جىبۇتى، چاد، نىگېر جۇمھۇرىيىتى، بۇركىنا فاسو، گانا، سېنگال، گابون، ئۇگاندا، كېنىيە قاتارلىق ئەللەردە مۇقىم ھەربىي كۈچلىرى بار.

خىتاينىڭ بولسا ماراكەشتىكى، مالىدىكى، كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدىكى ۋە جەنۇبىي سۇداندىكى ب د ت تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ تەركىبىدە ئەسكەرلىرى؛ ئېرىترىيە، جىبۇتى، كوتى دى ئىۋۇئېر، گانا، كامېرون، گابون، ئانگولا، نامىبىيا، موزامبىك، تانزانىيە، كېنىيە ۋە سومالىدا ئىجارىگە ئالغان پورتلىرى بار.

ئافرىقا ئەللىرىگە قورال ـ ياراغ سېتىش جەھەتتە:

2000 ـ يىلى ئامېرىكا ئافرىقا قىتئەسىگە 913 مىليون دوللارلىق قورال ـ ياراغ ساتقان بولۇپ، بۇ خىتاي شۇ يىلى ئافرىقاغا ساتقان قورال ـ ياراغ قىممىتى (57 مىليون دوللار)نىڭ 16 ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. ھالبۇكى، شۇنىڭدىن كېيىن 2009 ـ يىلىغىچە ئامېرىكا ئافرىقاغا ساتقان قورال ـ ياراغلارنىڭ مىقدارى ئىزچىل ئازىيىپ، 2009 ـ يىلىغا كەلگەندە قىممىتى 128 مىليون دوللارغا چۈشۈپ قالغان، خىتاي بولسا شۇ يىلى ئافرىقاغا 118 مىليون دوللارلىق قورال ـ ياراغ سېتىپ ئامېرىكاغا يېقىنلىشىپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا ئافرىقا ئەللىرىگە ساتقان قورال ـ ياراغلارنىڭ مىقدارى بارغانسېرى كۆپىيىپ ماڭغان بولسىمۇ، 2016 ـ يىلىغا كەلگەندە، خىتاي ئافرىقا ئەللىرىگە 685 مىليون دوللارلىق قورال ـ ياراغ سېتىپ، تۇنجى قېتىم ئامېرىكادىن (شۇ يىلى ئافرىقاغا 603 مىليون دوللارلىق قورال ـ ياراغ ساتقان) ئېشىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككى دۆلەت ئافرىقاغا قورال ـ ياراغ سېتىشنى ئازايتقان بولۇپ، 2020 ـ يىلى ئامېرىكا ئافرىقاغا 141 مىليون دوللارلىق، خىتاي بولسا 103 مىليون دوللارلىق قورال ـ ياراغ ساتقان.

ئافرىقا ئەللىرى بىلەن بولغان تىجارەت مىقدارى جەھەتتە:

2002 ـ يىلى ئامېرىكانىڭ ئافرىقا ئەللىرى بىلەن بولغان تىجارەت مىقدارى 20 مىليارد دوللار بولۇپ، خىتاينىڭكى (11.5 مىليارد دوللار) بولسا شۇنىڭ يېرىمىدىن ئازراقلا ئاشاتتى. 2008 ـ يىلىغا كەلگەندە خىتاينىڭ بۇ كۆرسەتكۈچى تۇنجى قېتىم ئامېرىكانىڭكى (100 مىليارد دوللار)دىن ئېشىپ، 102 مىليارد دوللارغا يەتكەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مەزكۇر پەرق بارغانسېرى چوڭىيىپ، 2015 ـ يىلىغا كەلگەندە، خىتاينىڭ ئافرىقا ئەللىرى بىلەن بولغان تىجارەت مىقدارى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى

سەۋىيە بولغان 203 مىليارد دوللارغا يېتىپ، ئامېرىكانىڭكى (52 مىليارد دوللار)نىڭ تەخمىنەن تۆت ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن.

خىتاينىڭ ئافرىقا ئەللىرى بىلەن بولغان تىجارەت مىقدارىنىڭ بۇنچە يۇقىرى بولۇشىدا ئۇلارنىڭ ئېكسپورتى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئافرىقا ئەللىرىگە تاۋار ئېكسپورت قىلىش مىقدارى ئىزچىل ئېشىپ بارماقتا ۋە ئافرىقادىن تاۋار ئىمپورت قىلىش مىقدارىدىن يۇقىرى بولماقتا. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكانىڭ ئافرىقاغا تاۋار ئېكسپورت قىلىش مىقدارى ئازىيىپ بارماقتا ۋە ئۇلارنىڭ ئافرىقا ئەللىرى بىلەن بولغان تىجارەت مىقدارىدىكى ئېكسپورت مىقدارى ئىمپورت مىقدارىدىن خېلىلا تۆۋەن.

ھالبۇكى، ئامېرىكا «تەرەققىيات ياردىمى» تۈرلىرى ئارقىلىق بۇ جەھەتتە خىتاي بىلەن بولغان پەرقنى ئازايتماقتا. بۇ جەھەتتە، 2000-يىلى ئامېرىكا ئافرىقا ئەللىرىگە سالغان تەرەققىيات تۈرلىرى مەبلىغى 3.3 مىليارد دوللار بولۇپ، خىتاينىڭكى (1.2 مىليارد دوللار)نىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە يېقىن كېلەتتى. ئەمما، 2005-يىلىغا كەلگەندە، خىتاينىڭ ئافرىقا ئەللىرىگە سالغان تەرەققىيات تۈرى مەبلىغى تۇنجى قېتىم ئامېرىكانىڭكى (5.9 مىليارد دوللار)دىن ئېشىپ، 6.8 مىليارد دوللارغا چىقتى. شۇنداقلا، 2015-يىلىغا كەلگەندە خىتاينىڭ مەزكۇر مەبلەغ مىقدارى تارىختىكى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىپ، 34.7 مىليارد دوللارغا چىقىپ، ئامېرىكانىڭ شۇ يىللىق ئافرىقاغا سالغان تەرەققىيات تۈرى مەبلىغى (10.2 مىليارد دوللار)نىڭ تەخمىنەن 3.5 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. ھالبۇكى، شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىكى مەبلەغ سېلىنمىسى ئىزچىل ئازىيىپ، 2017-يىلى 21.2 مىليارد دوللارغا چۈشتى. ئەكسىچە، ئامېرىكانىڭ بۇ خىل تەرەققىيات تۈرى سېلىنمىسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى بەك يۇقىرى بولسىمۇ، نىسبەتەن سىجىل ئېشىپ بارماقتا.

### ئامېرىكا-خىتاي تىركىشىشىنىڭ يادروسىدىكى كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى

كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە مىس، كوبالت ۋە باشقا تۈرلۈك كان ماددىلىرى مول بولغاچقا، بۇ يەر ئامېرىكا بىلەن خىتاينى تەڭلا ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولۇپ، نۆۋەتتە بۇ دۆلەتتە ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نۇرغۇن كانلار بار.

شۇنداقلا، ئامېرىكانىڭ بۇ دۆلەت بىلەن بولغان كانچىلىق ئالاقىسى خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا كونگودىكى شىنكولوبۋې (Shinkolobwe) كانىدىن چىققان ئۇران ئارقىلىق ياپونىيەنىڭ خىروشىما ۋە ناگاساكى شەھەرلىرىگە تاشلانغان ئاتوم بومبىلىرىنى ياساپ چىققانىدى. 2006-يىلى ئامېرىكانىڭ فرېپورت-ماكموران (Freeport-McMoRan) شىركىتى كونگودىكى تەنكە فانگۇرۇم (Tenke Fungurume) كېنىنى سېتىۋالدى.

ختاينىڭ ئىلگىرى بۇ دۆلەت بىلەن ئانچە قويۇق ئىقتىسادىي باردى ـ كەلدىسى بولمىسىمۇ، 2008 ـ يىلى، كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ شۇ چاغدىكى پرېزىدېنتى جوسېف كابىلا (joseph kabila) ختاي بىلەن «ئەسىرلىك توختام» ئىمزالاشتى. مەزكۇر توختامغا كۆرە، كونگو ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى بەدىلىگە ختايغا مىس ۋە كوبالت بېرەتتى.

2016 ـ يىلى 12 ـ ئايغا كەلگەندە، (ئامېرىكا شىركىتى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغانلىقى) يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەنكە فانگۇرۇم كېنى ختاينىڭ «لوياڭ مولىبدېنچىلىقى» شىركىتىگە (洛阳钼业) سېتىپ بېرىلدى.

2019 ـ يىلى بىرىنچى ئايدا فېلىكس تشىسېكېدى (Félix Tshisekedi) سايلامنىڭ دۇرۇستلۇقى توغرىسىدىكى ئېتىرازلارغا قارىماستىن كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئالدى ۋە ئامېرىكانىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

2020 ـ يىلى يەتتىنچى ئايدا، ئامېرىكانىڭ كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مايك ھامېر (Mike Hammer) دۇنيا پۇل فوندىنىڭ كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدىك يېڭىدىن قۇرۇلغان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئورگىنىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

2021 ـ يىلى بەشىنچى ئايدا، كاتانگا رايونىنى زىيارەت قىلغان پرېزىدېنت فېلىكس تشىسېكېدى ئۆز دۆلىتىدىن «بەك كۆپ نەرسىنى ئوغرىلىۋالغان»لارنى ئەيىبلىدى ۋە بارلىق كانچىلىق توختاملىرىغا قايتىدىن قاراپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ھالبۇكى، كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدىكى كوبالت كانلىرىنىڭ ئەللىك پىرسەنتتىن كۆپرەكى ختاينىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى ۋە بۇ يەردىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان كوبالتنىڭ سەكسەن پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ختاي ئىمپورت قىلاتتى.

نەتىجىدە، 2021 ـ يىلى سەككىزىنچى ئايدا كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى «لوياڭ مولىبدېنچىلىقى» شىركىتىنى تەكشۈرۈش مەقسىتىدە بىر كومىتېت تەسىس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئامېرىكانىڭ «چوڭ كۆل رايونى»غا (African Great Lakes ــــ شەرقىي ئافرىقىدىكى چوڭ يارنىڭ ئىچىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى بىر قاتار كۆللەرنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ كۆللەر دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ تاتلىق سۇ كۆلى بولغان ۋىكتورىيە كۆلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ت) ئەۋەتىلگەن ئالاھىدە دىپلوماتىك ئەلچىسى پېتىر فام (Peter Pham) كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ختاي شىركىتىدىن ئالتىنى قانۇنسىز كانچىلىق قىلمىشى بىلەن شۇغۇللانغانلار تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنلىكىنى ۋە بۇ تىزىملىكتە بىرمۇ ئامېرىكا شىركىتىنىڭ يوقلۇقىنى ماختىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ختاينىڭ كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جۇ لىڭ تۇنتېر يازمىسىدا «كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى چوڭ كۈچلەرنىڭ جەڭگاھىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ھېچكىمنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە مۇستەقىل بىر دۆلەتتىن پايدىلىنىشقا ھەققى يوق» دېگەن. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى فېلىكس تشىسېكېدى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ: «مەن

پرېزدېنتىنىڭ كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ مول تەبىئىي بايلىقلىرىنى باشقۇرۇش داۋامىدىكى ئوچۇق-ئاشكارىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش تىرىشچانلىقىنى قارشى ئالىمەن» دېگەن.

شۇ يىلى 11-ئايدا، خىتاينىڭ كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە قۇرۇشنى ۋەدە قىلغان 150 كارىۋاتلىق 31 دوختۇرخانا بىلەن ئىككى ئۇنىۋېرسىتېتنى قۇرمىغانلىقى ۋە بۇ جەرياندا ئېغىر چىرىكلىك مەسىلىلىرى بارلىقى ئاشكارىلاندى.

ئەنە شۇ شەكىلدە، ئامېرىكانىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا قىلغىنىدەك، ئافرىقادىمۇ خىتاينىڭ تەسىرىنى چەكلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى ۋە قىسمەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى مەلۇم.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.theafricareport.com/153780/how-china-and-the-us-are-fighting-over-africa/



# ئۆز مەيتۇنلۇقتىن كېلىپ چىققان خاراكتېر بىنورماللىقى

# ئۆز مەپتۇنلۇقتىن كېلىپ چىققان خاراكتېر بىنورماللىقى

ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىنىڭ (narcissistic personality disorder) ئەڭ تىپىك ئىپادىلىرى چوڭچىلىق، باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلماسلىق، شۇنداقلا ماختىلىش ئېھتىياجىدۇر. بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر ھەمىشە تەكەببۇر، ئۆزمەركەزچى، باشقىلارنى تىزگىنلەش ئىستىكى كۈچلۈك ۋە تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدۇ، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە رېئاللىقتىن چەتنىگەن فانتازىيەلىك خىياللىرى بولۇشى ۋە ئۆزلىرىنى ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىنىشقا ئەرزىيدىغان كىشىلەر دەپ قارىۋېلىشى مۇمكىن. بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئادەتتە قۇرامىغا يېتىش دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا باشلىنىدۇ ۋە مۇقەررەر ھالدا خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قاتارلىق كۆپ خىل مۇھىتلاردا تەكرار ئىپادىلىنىدۇ.

ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولغانلار ھەمىشە ئۆزى ئالاھىدە ياكى تالانتلىق دەپ قارىغان كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرالايدۇ. ئۇلار ماختىلىشقا ۋە دىققەت ـ ئېتىبارغا سازاۋەر بولۇشقا چېكىدىن ئاشقان دەرىجىدە خۇشتار؛ تەنقىد ياكى مەغلۇبىيەتكە زىنھار بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

گەرچە ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىنى داۋالاش قىيىن بولسىمۇ، ئەمما پسىخىكىلىق داۋالاش بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشىگە ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى دىياگنوز قويۇلىدىغان روھىي توسالغۇنى كۆرسىتىدۇ. «ئۆز مەپتۇنلۇق» بولسا ئادەمگە قاراپ پەرقلىنىدىغان خۇسۇسىيەتتۇر.

## ئالامەتلىرى

«روھىي كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇش ۋە ئىستاتىستىكىلاش قوللانمىسى»نىڭ (Diagnostic and Statistical Manual of Mental Disorders ـــ «ئامېرىكا روھ تىبابىتى جەمئىيىتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان، ئامېرىكا ۋە باشقا ئەللەردە روھىي كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇشتا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان يېتەكچى قوللانما، ت) بەشىنچى نەشرىگە كۆرە، ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىغا گىرىپتار

بولغانلار تۆۋەندىكى ئالامەتلەردىن بەشىنى ياكى تېخىمۇ كۆپرەكىنى ئۆزىدە ئىپادىلەيدۇ، بۇلار قۇرامىغا يېتىش دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە ۋە باشقا تۈرلۈك مۇھىتلاردا ئىپادىلىنىدۇ:

* ئۆزىنى رېئاللىقتىن چەتنىگەن دەرىجىدە مۇھىم دەپ قارىۋېلىش

* چەكسىز مۇۋەپپەقىيەت، ھوقۇق، تالانت، گۈزەللىك ياكى غايىۋى مۇھەببەت توغرىسىدىكى فانتازىيەلىك خىياللارغا چۆمۈش

* ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىگە، پەقەت ئالاھىدە كىشىلەر ۋە ئورگانلارنىڭلا ئۆزىنى چۈشىنەلەيدىغانلىقىغا ۋە ئۆزى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش

* ھەددىدىن زىيادە ماختىلىش ئىستىكى

* ئىمتىياز (ئۆزىنى ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىنىشقا لايىق دەپ قاراش) تۇيغۇسى

* باشقىلاردىن پايدىلىنىش

* باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلالماسلىق

* باشقىلارغا ھەسەت قىلىش ياكى ئۆزىنى ھەسەت ئوبيېكتى دەپ قارىۋېلىش

* تەكەببۇرانە، ھاكاۋۇر قىلمىش ياكى پوزىتسىيە

«روھىي كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇش ۋە ئىستاتىستىكىلاش قوللانمىسى»نىڭ بەشىنچى نەشرىگە كۆرە، ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولغانلار ئاسانلا تەنقىد ياكى مەغلۇبىيەتتىن زەربە يەيدۇ ۋە ئۇلار بۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك ياكى غەزەپ بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىن؛ ئەمما بۇلار شۇ سەۋەبلىك ئىجتىمائىي ئالاقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى ياكى ساختا كەمتەرلىك قىلىشىمۇ مۇمكىن.

ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىنىڭ ئىمتىياز تۇيغۇسى، باشقىلارنى نەزەرگە ئالماسلىق ۋە باشقا تەرەپلىرى مۇناسىۋەتكە زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن. گەرچە ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولغۇچى زور ئۇتۇق قازانغان بىرى بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما خاراكتېر بىنورماللىقى (مەسىلەن، شۇ كىشىنىڭ تەنقىدكە بولغان زىيادە سەزگۈرلۈكى سەۋەبىدىن) ئىقتىدارغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

تەتقىقاتچىلار ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى بىلەن زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، كەيپىيات ۋە تەشۋىش بىنورماللىقى نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بارلىقىنى دوكلات قىلدى. بۇلار ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى بىمارلىرىدىكى ئاسان ھاياجانلىنىش ۋە نومۇسقا قالغانلىق تۇيغۇسى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن.

بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدە ئۆز مەپتۇنلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن كىشىنىڭ قۇرامىغا يەتكەندە چوقۇم ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولۇشى ناتايىن.

## ئۆز مەپتۇنلۇقنىڭ قايسى خىل ئوخشىمىغان تۈرلىرى بار؟

ئۆز مەپتۇنلۇق ھاكاۋۇرانە (ياكى ئاشكارا) ۋە ئاجىزانە (ياكى يوشۇرۇن)دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

ھاكاۋۇرانە ئۆز مەپتۇنلۇق تاش مىجەزلىك، ئۆزگە ئىشىنىش، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا ئۇرۇنۇش ۋە ھۇجۇمخۇمارلىق بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئاجىزانە ئۆز مەپتۇنلۇق ئىچ مىجەزلىك، زىيادە سېزىمچانلىق، سەلبىي كەيپىيات، ھەر دائىم تەستىق ۋە ئېتىراپقا موھتاج بولۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىنىڭ ھەرقانداق تۈرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئالاھىدىلىكى ئۆزىنى چوڭ كۆرۈش، ئۆزىنىڭ ئويى ـ پىكىرلىرى ۋە قىلمىشلىرىنىڭ ئۇلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر.

## ئۆز مەپتۇنلۇق قاچان كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ؟

«ئۆز مەپتۇن» دېگەن بۇ سۆز ئاللىقاچان كىشىلەرنىڭ كۈلتۈرىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، بەزىدە نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئىشلىتىلىۋېتىلىدۇ. كىشىلەردە شۇنچىكى (يەنى «ئۆزىگە لايىقىدا ئىشىنىش» دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمىگەن) ئۆز مەپتۇنلۇق بولۇشى نورمال بولۇپ، ئۇ باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ھايات ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش جەھەتلەردە كىشىگە ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ. ئۆز مەپتۇنلۇق كىشىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى، ئۆزلۈك ئېڭى، كەسپى ياكى قانۇنىي رولى ئارقىلىق ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا زىيان يەتكۈزگەندىلا، ئاندىن كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ.

## قايسى خىل روھىي بىنورماللىقلار ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىغا ياندىشىپ كېلىدۇ؟

تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئىجتىمائىيلىققا قارشى خاراكتېر بىنورماللىقى، تەرسالىق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش بىنورماللىقى ھەمىشە ھاكاۋۇرانە ئۆز مەپتۇنلۇق بىلەن تەڭ كۆرۈلىدىكەن. چۈشكۈنلۈك، تەشۋىش ۋە ئۆزىگە زىيان سېلىش دائىم ئاجىزانە ئۆز مەپتۇنلۇق بىلەن تەڭ يۈز بېرىدىكەن. ھالبۇكى، ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولغانلارنىڭ ھەممىسىدىلا يانداشما ئالامەتلەر كۆرۈلۈۋەرمەيدىكەن.

### سەۋەبلىرى

ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىنىڭ سەۋەبى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس، ئەمما بىيولوگىيىلىك ئامىل ۋە مۇھىت ئامىلى بۇنىڭغا ئوخشاشلا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ كېسەللىكنىڭ ئىرسىيەت يىلتىزىدىن باشقا، (ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالا تەربىيەلەش ئۇسلۇبى، ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل مۇھىت قاتارلىق) بالىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىك كەچمىشلىرىمۇ كېسەللىك جەريانىغا تەسىر كۆرسىتىدىكەن. مەسىلەن، شەخسنىڭ رولى تەكىتلىنىدىغان كۇلتۇرلەردىكى ئۆز مەپتۇنلۇق خاھىشى كوللېكتىپلىق كۇلتۇرلەردىكىگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدىكەن؛ نيۇيورك قاتارلىق رىقابەتچان مۇھىتتىكى ئۆز مەپتۇنلۇق خاھىشى ئىئوۋا شتاتىغا ئوخشاش رىقابەت تۆۋەن مۇھىتتىكىدىن يۇقىرى بولىدىكەن.

پەرزەنت تەربىيەسى جەھەتتە، رىقابەتكە ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە بەك ئەھمىيەت بېرىش ئۆز مەپتۇنلۇقنى پەيدا قىلىدۇ. ھالبۇكى، مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە بالىلارنىڭ قولىدىن كېلىشىچە ئىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىش ساغلام تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى قانچىلىك كۆپ ئۇچرايدۇ؟

تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولۇش نىسبىتى بىر پىرسەنتتىن بەش پىرسەنتكىچە ئىكەن. بۇ كېسەللىك ئەرلەردە ۋە ياشلاردا تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلىدىكەن.

## ئۆز مەپتۇنلۇق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئېغىرلامدۇ؟

ئۆز مەپتۇنلۇقنىڭ بىر خۇسۇسىيەت ياكى خاراكتېر بىنورماللىقى سۈپىتىدە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئېغىرلايدىغان ـ ئېغىرلىمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىختىلاپلار مەۋجۇت. بەزى تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، كىشىدىكى ئۆز مەپتۇنلۇق خۇسۇسىيىتى كۆچەيسىمۇ، كېسەللىك (يەنى ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى) ئېغىرلىشىپ كەتمەي بىر ئىزدا تۇرىدىكەن. ئەمما، تېخنىكا، جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئۆلچەملەر بىردەك ئۆزگەرگەن بولغاچقا، بۇ جەھەتتىكى نەسىللەر ئارا سېلىشتۇرۇش تازا ئىشەنچلىك بولماسلىقى مۇمكىن.

شەخسلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، كىشىلەر ئادەتتە ياش ۋاقتىدا ــــ يەنى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ۋە قۇرامىغا يېتىش دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە ــــ بەكرەك ئۆز مەپتۇن بولۇپ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۆز مەپتۇنلۇق خاھىشى تۆۋەنلەيدىكەن.

## ئۆز مەپتۇنلۇق قانداق ۋاقىتتا شەكىللىنىدۇ؟

بەزى تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئۆز مەپتۇنلۇق سەككىز ياش ئەتراپىدا، يەنى بالىلاردا ئۆزلۈك ئېڭى يېتىلىۋاتقاندا كۆرۈلۈشكە باشلايدىكەن. ھالبۇكى، «روھىي كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇش ۋە ئىستاتىستىكىلاش قوللانمىسى»نىڭ بەشىنچى نەشرىگە كۆرە، بۇ مەزگىلدە كىملىك يەنىلا داۋاملىق شەكىللىنىۋاتقان (تاماملانمىغان) بولۇشى مۇمكىن بولغاچقا، بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدە ئۆز مەپتۇنلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنلىكى شۇ كىشىنىڭ چوقۇم ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدىكەن.

## داۋالاش

ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىنى داۋالاش قىيىنغا توختىشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلاردا مەنمەنچىلىك ۋە قوغدىنىش ئېڭى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلىنى ۋە ئاجىزلىقلارنى ئېتىراپ قىلىشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

گەرچە ئۆزگەرتىش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئىمكانسىزمۇ ئەمەس. بۇ جەھەتتە، ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولغان بىمارلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشالايدىغان، مەخسۇس تەربىيەلەنگەن داۋالىغۇچىنى تېپىش ئەڭ مۇھىم.

داۋالاش ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا تېخىمۇ مېھىر-شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. داۋالىغۇچىلار بىمارلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش، داۋالاش مۇناسىۋەتتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بىمارلارنى تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەرگە ۋە رىشتىگە ئىزچىل دىققەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلاردا تېخىمۇ ساغلام ئۆزلۈك تۇيغۇسىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ ۋە نەتىجىدە بۇ كىشىلەر باشقىلار بىلەنمۇ ساغلام مۇناسىۋەت ئورنىتالايدىغان بولىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.psychologytoday.com/intl/conditions/narcissistic-personality-disorder



# ياپونىيەدىكى بەزى ئۆزگىچىلىكلەر

# ياپونىيەدىكى بەزى ئۆزگىچىلىكلەر

«ياپونىيە» دېيىلگەن ھامان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا «پەن ـ تېخنىكىدا ئىلگىرىلىگەن، زامانىۋىلاشقان، ئىنتىزامچان، مائارىپ سەۋىيەسى ئۈستۈن» دېگەندەك بىر قاتار ئىجابىي باھالار كېلىدۇ. دېمىسىمۇ، تەبىئىي بايلىقلىرى پەۋقۇلئاددە قىس بولغان بۇ ئارال دۆلىتى ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردە ئۆز ئىمكانلىرىدىن ھالقىغان نۇرغۇن ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇنداق بىر دۆلەتنىڭ بۇ قەدەر ماددىي ئۇتۇقلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى ئامىللار ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىش ئۈچۈن ئايرىم كىتاب يېزىشقا توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىق، ئەمما بىز بۈگۈن ياپونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تۈرتكە بولغان، ئادەتتىدەك كۆرۈنسىمۇ، ھەممىمىز ئۆرنەك ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بەزى ئارتۇقچىلىقلىرى ھەققىدە نۇقتىلىق توختىلىمىز.

## ئۇستاز–شاگىرت مۇناسىۋىتى

ياپونىيەدە ئۇستاز ـ شاگىرت مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ياپون ئۇستىلار شاگىرتلىرىنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق مەنىۋى مۇھىت ھازىرلاشقا تىرىشىدۇ. بۇ جەھەتتە شاگىرتنىڭ بويسۇنۇشى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ تۈنجى سىناقتۇر. ئۇستاز ئۆز ھاياتىنى بېغىشلىغان ۋە ئۆز ئۇستىسىدىن ھەققىنى ئادا قىلىپ ئۆگەنگەن ماھارەتلەرنى ئۇدۇل كەلگەنلا ئادەمگە ئۆگەتمەيدۇ. ئەمما، ئۆز نۆۋىتىدە ياپون ئۇستىلارنىڭ ئۆز كەسپىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆگىتىش ئارقىلىق، ھۈنەر چىرىغىنى ئۆچۈرمەي قوغداشتىكى ئىستىكى تولىمۇ كۈچلۈك.

بويسۇنۇش مەزگىلى ئۇستاز ـ شاگىرت مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەزگىللەرنىڭ بىرىدۇر. ياپونىيەدە، شاگىرت ئۆز ساھەسىدە ماھىرلاشقان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى يەنىلا ئۇستىسىنىڭ تەسىرىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. يېڭىدىن ئۇستىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن كىشى ئۆز ئۇستازىنى مەڭگۈ ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇستازمۇ ھۈنەردە ئۆزىدىن ئۈستۈن بىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىسا، ئاندىن ھەقىقىي ئۇستازلىق كامالىتىگە يەتكەن ھېسابلىنىدۇ.

بىزدىچۇ؟ بىزدە شاگىرت ئادەتتە «ئۇستازىمدىن ھەممە نەرسىنى ئۆگىنىپ بولدۇم» دەپ قارىغانغا قەدەر ئۇستازىنى ھۆرمەتلەيدۇ. لېكىن، ھۇنەردە پىشىپ يېتىلگەنلىكىگە ئىشەنگەن ھامان، ئۇستازىنى چەتكە قېقىپ، ئىلگىرىكىدەك ھۆرمەت كۆرسەتمەس بولۇۋالىدۇ. ياپونىيەدە شاگىرتلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇستازىنىڭ ئىسمىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشسا، بىزدە شاگىرتلار ئۆز نامىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇستازلىرىنىڭ ئىسمىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا ياكى قىممىتىنى تۆۋەنلىتىشكە ئارانلا تۇرىدۇ (يەنى «مەن بۇ ھۈنەرنى پالانىدىن ئۆگەنگەن» دېيىشنىڭ ئورنىغا، دائىم «مېنىڭ ھۈنىرىم ئۇنداق، ماھارىتىم بۇنداق» دەپ ھارمايدۇ). ھەتتا، شۇ سەۋەبتىن ئۇستازلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىدلەشتىن ياكى ھاقارەتلەشتىنمۇ يانمايدۇ. ئەلۋەتتە، ھەممىلا شاگىرت بۇنداق بولمىسىمۇ، ئومۇمىي ئەھۋال ئاشۇنداق.

## مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش

بۇ ياپونلارنىڭ كلاسسىك خۇسۇسىيىتىدۇر. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەر بەزى پرىنسىپلارنى جان ـ جەھلى بىلەن قوغدايدۇ. مەسىلەن، ياپونلار دۇنيادىكى ۋاقىتقا ئەڭ قاتتىق رىئايە قىلىدىغان مىللەتلەردىن بىرىدۇر. ھەتتا، ئۇلارنىڭ پويىزلىرىمۇ دۇنيا بويىچە ۋاقىتقا ئەڭ قاتتىق رىئايە قىلىدىغان پويىزلاردىن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن پەقەت 18 سېكۇنتلا كېچىكىدۇ.

## يۇقىرى مائارىپ سەۋىيەسى

ياپونىيەدە ساۋاتلىقلار نىسبىتى 100 پىرسەنت. خاتا ئوقۇمىدىڭىز، پۈتكۈل خەلق ساۋاتلىق. ئەلۋەتتە، ساۋاتلىق دېگىنىمىزدە، لاتىنچە ھەرپلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ۋە قىيىن بولغان (خىتاي يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان) ياپون ئېلىپبەسىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمىز. ياپونىيەدە تولۇق كۇرس ۋە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئىگە كىشىلەر ئەللىك پىرسەنتتىن ئاشىدۇ.

مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ياردىمىدە، نۆۋەتتە ياپونىيەدە 19 نوبېل مۇكاپات ساھىبى (بۇ تېرىسىگە سىغمايدىغان خىتايلارنىڭكىدىن بەكلا كۆپ)، دۇنيا رەت ـ تەرتىپىدە ئالدىنقى ئەللىكنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالىدىغان يۇقىرى سەۋىيەلىك مائارىپ ئۆلچىمى، دۇنياۋى ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن توكيو ۋە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتلىرى، كىشىلەر ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغان توشىبا، خىتاچى، تويوتا، خوندا، سۇزۇكى قاتارلىق سان ـ ساناقسىز خەلقئارالىق شىركەتلەر بار.

## يىگىرمە نەچچە خىل ئەپۇ سوراش شەكلى

ياپونلار ئەپۇ سوراشنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پەزىلەت دەپ قارايدۇ ۋە ئۇلاردا كەم دېگەندە يىگىرمە خىل كەچۈرۈم سوراش شەكلى بار. مەمۇرلاردىن تارتىپ داڭلىق شەخسلەرگىچە، ھۆكۈمەت

خىزمەتچىلىرىدىن كارخانا باشقۇرغۇچىلىرىغىچە، بارلىق ئىجتىمائىي قاتلاملاردا ئەپۇ سوراش ئادىتى ئومۇملاشقان.

## ماشىنا ئادەملەر دۆلىتى

ياپونىيە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ماشىنا ئادەم ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەت بولۇپ، دۇنيادىكى 800 مىڭدىن ئارتۇق سانائەت ماشىنا ئادىمىنىڭ يېرىمى بۇ دۆلەتتە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ماشىنا ئادەم سانىنىڭ كۆپىيىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى ياشلار نوپۇسىنىڭ ئازىيىشى بولۇپ، بۇنىڭغا قارىتىلغان تەدبىر سۈپىتىدە 2020-يىلى ئىشچى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن ماشىنا ئادەم سانىنىڭ مىليوندىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەنىدى. نۇرغۇن ئوخشىمىغان ساھەلەردە ئىشلىتىلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ماشىنا ئادەملەر ــــ ئىنسانسىمان ماشىنا ئادەملەر، تۆت پۇتلۇق ھايۋانسىمان ماشىنا ئادەملەر، ئىجتىمائىي ماشىنا ئادەملەر ۋە قاراۋۇل ماشىنا ئادەملەر قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئەڭ داڭلىق ئىنسانسىمان ماشىنا ئادەملەرنىڭ ئىچىدە خوندا شىركىتىنىڭ ASIMO، سونىي شىركىتىنىڭ QRIO ۋە خىتاچى شىركىتىنىڭ EMIEW قاتارلىق ماشىنا ئادەملىرى بار.

## چەكسىز تىرىشچانلىق

ياپونىيەدە سەھەردە ئىشنى باشلاپ كەچ بولغۇچە ئىشلەش تەبىئىي ئەھۋال. ئۇلار زۆرۈر تېپىلغاندا، تىنىم تاپماي ناھايىتى جاپالىق ئىشلىيەلەيدۇ.

ھەتتا كەچكىچە ئىشلىگەن ياپونلار ئۈچۈن، بىر ئاز مۈگدىۋېلىپلا يەنە داۋاملىق ئىشلەشمۇ نورمال ئەھۋال.

## ھۆرلۈك

ياۋروپا تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنالمىغان بەش دۆلەتنىڭ بىرى ياپونىيەدۇر. قالغان تۆتى بولسا لىبېرىيە، تايلاند، جەنۇبىي ۋە شىمالىي كورېيەدۇر. ئەركىنلىك ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغاندا جېنىنى پىدا قىلىش ياپونلارنىڭ مۇھىم خاراكتېرلىرىدىن بىرىدۇر.

## كۆڭۈلسىز خەۋەر: ئىجتىمائىي مېدىيا ياپونلارنىڭ كىتابخۇمارلىق ئادىتىنى يىمىرىپ تاشلاشقا باشلىغان

ياپونلار ئىزچىل ھالدا دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغان مىللەتلەر ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، ياپونىيە «دۆلەتلىك ياشلار مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەشكىلاتى» يېقىندا ئېلان قىلغان، يىگىرمە ياشتىن ئاتمىش ياشقىچە بولغان ئەر ۋە ئاياللىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5000 كىشىنىڭ كىتاب ئوقۇش ئادىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، نۆۋەتتىكى ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر مۇھىتى ياپونلارنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىغىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن.

مەزكۇر تەتقىقاتقا كۆرە، ياپونىيەدىكى ھەر خىل ياشتىكى كىشىلەرنىڭ 49.8 پىرسەنتى ئايدا بىر پارچىمۇ كىتاب ئوقۇمايدىكەن. ھالبۇكى، 2013 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە بۇ نىسبەت 28.1 پىرسەنت بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيان بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن.

بولۇپمۇ يىگىرمە ياش ئەتراپىدىكىلەردىن «مەن پەقەت كىتاب ئوقۇمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنلەرنىڭ سانى خېلى بەكلا كۆپەيگەن. 2013 ـ يىلىدىكى راي سىناشتا، بۇنداق دېگەن يىگىرمە ياش ئەتراپىدىكىلەرنىڭ نىسبىتى 25.1 پىرسەنت ئىدى، ئەمما بۇ قېتىم ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ، 52.3 پىرسەنتكە چىققان. ئوتتۇز ياش ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە بۇنداق دېگۈچىلەرنىڭ نىسبىتى 54.4 پىرسەنت بولغان.

ئاتمىش ياش ئەتراپىدىكىلەرنىڭ 2013 ـ يىلىدىكى كىتاب ئوقۇماسلىق نىسبىتى 23.3 پىرسەنت بولغان، بۇ قېتىم بولسا 44.1 پىرسەنتكە چىققان.

ئىجتىمائىي مېدىيانىڭ ياپونلاردەك بىلىمخمار بىر مىللەتنىڭ كىتاب ئوقۇش نىسبىتىگىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى — ئۇنىڭ سەللا بوش تۇرغان ئادەمنى ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك قايىنمىدا تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدىغان خەتەرلىك ھەمراھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىنتايىن تۆۋەن ئىشسىزلىق نىسبىتى

نۇرغۇن جايلاردا ئىشسىزلىق نىسبىتىنى ئون پىرسەنتتىن تۆۋەنلىتىش مۆۋەپپەقىيەت دەپ قارىلىۋاتقاندا، ياپونىيەدىكى ئىشسىزلىق نىسبىتى ئارانلا 2.4 پىرسەنتتۇر.

ياپونىيەنىڭ ماشىنا ئادەملەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى (يەنى بۇلاردىكى «ئىش»نىڭ نوقۇل ھالدا زاۋۇت ئىشچىلىقى ئەمەسلىكىنى) نەزەردە تۇتقاندا، بۇ نىسبەت كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

## ئوقۇغۇچىلارغا ھاياتلىق تەربىيەسى بېرىش

ھاياتنىڭ ھەقىقەتلىرى ھەر پۇرسەتتە ئوقۇغۇچىلارغا ئەسكەرتىلىدۇ. مەسىلەن، ياپونىيەدە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار دەرسخانا ۋە ئاشخانا رايونلىرىنى بىرلىكتە تازىلايدۇ. ئەمما، نۇرغۇن جايلاردا بۇنداق قىلىشقا

ئۇرۇنۇلسا، ئاتا ـ ئانىلار: «بالامنى مەكتەپ تازىلىغىلى سالساڭلار قانداق بولىدۇ؟» دەپ ئۆكتە قوپىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ئۆزىنى چوڭ چاغلايدىغان، ھاياتتا ھېچقانداق تۆھپىسى يوق، ھەممىدىن نارازى بولۇپلا يۈرىدىغان ئەركە باللار يېتىشىپ چىقىدۇ.

## تېجەشچانلىق كۇلتۇرى

ياپونلار ئىسراپخورلۇق قىلماسلىق ئۈچۈن ھەتتا ئۆزىنىڭ راھىتىدىنمۇ ۋاز كېچەلەيدۇ. مەسىلەن، قىشتا ئۇلار پەقەت ئۆزلىرى ئولتۇرغان ھۇجرىدىلا پار ئېچىپ، قالغان ئۆيلەرنىڭ پارىنى ئېتىۋېتىدۇ. تېجەشچانلىق ئاۋۋال ئائىدىن باشلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇلار يەنە ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تېخنىكا ۋە ئەندىزىلەرنىمۇ ئىجاد قىلىشىدۇ. مەسىلەن، ياپونىيەدە قول يۇيىدىغان تۇرۇبا تەرەت تۇڭىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا قولنى يۇغاندا سۇ بۆلۈمچىسىگە كېلەر قېتىم تەرەت تۇڭىنى تازىلاشقا يەتكۈدەك سۇ قاچىلىنىدۇ. ياپونىيە مۇشۇ شەكىلدە ھەر يىلى نەچچە مىليون لىتىر سۇنى تېجەپ قالىدۇ. دۇنيا سۇ قىسلىقىدىن ئىزتىراپ چېكىۋاتقان بۇ دەۋردە، بۇ نېمە دېگەن ياخشى كەشپىيات ھە؟!



**دەرۋەقە، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش ۋە ساغلام ئايلىنىشچان ئىقتىسادقا ماس هالدا ياشاش ئۇچۇن يەنىلا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار. كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 21 ـ ئەسىردە بارلىق كىشىلەر ۋە دۆلەتلەر هەممە نەرسىنى ئايلىنىشچان ئىقتىسادنىڭ تەقەززاسىغا كۆرە تەڭشىشى كېرەك.**

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

**پايدىلانغان مەنبە:**


https://www.serhansuzer.com/tr/japon-kulturunde-gipta-ettigim-ozellikler

https://www.japonyapostasi.com/blog/2020/01/02/japonyanin-meshur-kitap-okuma-orani-artik-eski-gunlerde-mi-kaldi/



# سورۇنداشلار

ھېكمەتيار ئىبراھىم

# سورۇنداشلار

## (ھېكايە)

### ئۇمۇتۋار

بېرىلىپ كىتاپ ئوقۇۋاتقان ئارسلان تېلفونىنىڭ سايرىشى بىلەن كىتابتىن بېشىنى كۆتۈردى.

— ھە ئاداش، ياخشىمۇ ئەھۋالىڭ؟

— ياخشى، ئۆزەڭچۇ، نېمىش قىلىۋاتقانتىڭ؟

— كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇرغان ئىدىم.

— ئەتە كەچتە يىغىلىشنى دېيىشكەنتۇقمۇ، ئېسىڭدە باردۇ؟

— ھەئە، ئېسىمدە بار.

— ئەلىنىڭ ئەتە كەچتە جىددىي ئىشى باركەن، شۇڭا چۈشتە يىغىلىدىغان بولدۇق، شەنبە كۈنى بولغاندىكىن ۋاقتىڭ توغرا كېلىدىغاندۇ؟

— توغرا كېلىدۇ.

— دېيىشكەن جاي ئۆزگەرمىدى، ئۇن ئىككىدە ئالماس مېھمانسارىيىنىڭ يېشىل يايلاق ئايرىمخانىسىدا كۆرۈشەيلىمۇ ئەمىسە.

— بولىدۇ ئاداش، شۇنداق قىلايلى.

— ئەمىسە ئامان بولغىن، خوش.

— بولىدۇ، خوش ئەمىسە.

ئارسلان كىتاپنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ بۇ يىل يىگىرمە پارچە كىتابنى ئوقۇپ تۈگىتىشنى پىلانلىغان ئىدى. كىتابنى كۆپراق ئوقۇش ئارقىلىق ھاياتىغا مەنە ئاتا قىلماقچى، سوئاللىرىغا جاۋاب تاپماقچى، ئۆزىنى كۈچلەندۈرمەكچى ئىدى. ئۇ خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاۋات شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، كۈنگەي، ئاددىي ـ ساددا ياتىقىدا كىتاب ئوقۇش بىلەن

ئۆتكۈزۈۋاتقىنىغا بەش ئاي بولغان ئىدى. يېشى ئوتتۇزغا تاقاپ قالغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر توي قىلىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنى قىزلارغا قويغان تەلىپى يۇقىرى، شۇڭا توي قىلالمايۋاتىدۇ دەپ قارايتتى. دوست ـ دۈشمەنلىرى بولسا ئۇنى مىجەزى غەلىتە، ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ، يۈيۈشى يوق، چۈپەي، شۇڭا لايىق تاپالماي يۈرىدۇ دەپ بىلىشەتتى. ئارسلان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيلىنىۋېلىش تەكلىپلىرىگە، لايىق تونۇشتۇرۇشلىرىغا ئانچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايتتى. يېقىن ـ يورۇق، خىزمەتداشلىرى سايە قىلغان لايىقلارنى بىر باھانىلەرنى تېپىپ كۆرمەي تۇرۇپ رەت قىلىشقا ئادانلا تۇراتتى، بىر نەچچە يىل مابەينىدە بەك زورلانغان چاغلىرىدىلا سەت تۇرمىسۇن دەپ، يېقىن ـ يورۇقلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئىككى ئۈچتەك لايىق بىلەن كۆرۈشكىلى چىققان، ئاقىۋەتتە كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئۇلارنى بىر قېتىممۇ ئىزدەپ قويمىغان ئىدى.

دوستلار يىغىلىشى ئۈچۈن ئۇچرىشىشقا كېلىشكەن شەنبە كۈنى يېتىپ كەلدى. شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى سەككىزدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ بولۇشنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرغان ئارسلان سەككىز بىلەن ئويغىنىپ، يۈز كۆزلىرىنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن، راھەت كرىسلوسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ تاكى ئونغا قەدەر ئوقۇۋاتقان كىتابىنىڭ كەلگەن يېرىدىن داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇدى. ئەتىگەنلىك ناشتىنى سائەت ئونلار بىلەن قىلدى. ناشتىدىن كېيىن چۈشتىكى دوستلار ئۇچرىشىشى تەييارلىق قىلدى. مۇنچىغا چۈشتى، يۈزىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىز چىقىرىشقا باشلىغان ساقال ـ بۇرۇتىنى ئالدى. ئاددىي ـ ساددا كىيىنىپ، دوستلار ئۇچرىشىشىغا بېرىش ئۈچۈن ئىشكتىن چىقتى. ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. باھار پەسلى بولغانلىقتىن دەل ـ دەرەخلەر بەس ـ بەستە بىخ سۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. قۇياش نۇرى كىشىنىڭ ئۈستى بېشىغا چۈشكەندە، ئۇنىڭ ئىللىق ھارارىتىدىن تەنلەر يايراپ كېتەتتى. باھار شاملى يۈزلەرنى سۆيۈپ ئۆتكەندە، كىشى ئۆزىنى باشقىچە جانلىق ھېس قىلاتتى. ئارسلان ئىلدام قەدەملەر بىلەن ئىككى ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئالماس مېھمانسارىيىغا قاراپ يول ئالدى. ھاۋانىڭ ياخشىلىقىغا، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەم ئېلىش كۈنى بولۇشىغا قارىماي سىرتتا ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى. ئارسلاننىڭ ئەس ـ يادىنى كىتابتا ئوقۇغان مەزمۇنلار ئىگىلىۋالغان ئىدى. كىتابتىكى مەزمۇنلار ھەقىقەتەن ياخشى ئىدى، ئوقۇغان ئادەمگە ئۈمىد بېغىشلايتتى. ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا پىسەنت قىلماي، ھاياتنى گۈزەللەشتۈرۈشنى تەۋسىيە قىلاتتى. كىتابتا ھاياتتىكى ئەۋزەللىكلەر، كىشى ئىگە بولغان ئالاھىدىلىك ۋە ئىقتىدارلار، ئۇنى جارىي قىلدۇرۇشتىن كېلىدىغان روھىي ئۈستۈنلۈك ۋە بەخت سائادەت ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتلار، كىشىنى ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى تونۇشقا ئۈندەيدىغان تېتىملىق قۇرلار مەۋجۇت ئىدى. ئارسلان كىتابتىكى قۇرلارنى ئوقۇپ باشقىچە روھلىنىپ، كۆزىگە ھەم ئۆزى، ھەم باشقا جىق نەرسىلەر بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل كۆرۈنۈۋاتقاندەك بىر خىل ھېسسىياتتا ئىدى.

ئارسلان دېيىشكەن رېستوراننىڭ ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان ئايرىمخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئارسلاندىن باشقىلار تېخى كېلىپ بولالمىغان ئىدى. ئارسلان يۇمۇلاق ئۈستەل ئەتراپىغا رەتلىك تىزىلغان ئورۇندۇقتىن

خالىغان بىرىگە كېلىپ ئولتۇردى. سائەتكە قارىدى. سائەت ئوندىن قىرىق ئۆتكەن ئىدى. كۈتكۈچى قىز كىرىپ كەلدى، ئارسلانغا سالام بېرىپ، چاي قۇيدى.

— رەھمەت سىزگە.

— ئەرزىمەيدۇ. ئالدىن قىلىنغان زاكاس بويىچە تاماقلار تەييار بولۇپ قالدى. دوستلىرىڭىز تولۇق كېلىپ بولغاندا تارتساق ئوڭ بولارمۇ؟

— ئوڭ بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى.

— چاي ئىچكەچ، خام كۆكتاتلاردىن ئالغاچ ئولتۇرارسىز ئەمىسە.

— رەھمەت سىزگە.

ئارسلان ئۆزى ئولتۇرغان ئايرىمخانىغا بىر باشتىن نەزەر سېلىپ چىقتى. ئوتتۇز كۇادرات مېتىرچە كېلىدىغان ئازادە ئايرىمخانىنىڭ دېرىزىسى ئاۋات رەستىگە قارايتتى. قىزىل رەڭلىك ماموخ رەخت بىلەن قاپلانغان يۇمشاق ئورۇندۇقنىڭ پۇتلىرىغا ۋە قىرغاقلىرىغا ئالتۇن رەڭدە ھەل بېرىلگەن، سۇس سۆسۈن رەڭلىك تاملارغا داڭلىق سەنئەتكارلاردىن بىرىنىڭ پورترېتى ھەشەمەتلىك رامكىغا ئېلىنىپ ئېسىلغان، ئىشكتىن كىرگەندىكى تامغا تۆت كىشى ئازادە ئولتۇرالايدىغان خۇرۇم كرىسلو تىزىلغان، ئۇنىڭ قارشىسىغا 42 ديۇملۇق بەھەيۋەت تېلېۋىزور، داڭلىق ماركىلىق ئاۋاز ياڭراتقۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كرىسلو بىلەن تېلېۋىزورنىڭ ئارىلىقىغا 15 كىشىلىك يۇملاق ئۈستەل جايلاشقان ئىدى. ئايرىمخانىنىڭ يېرىمىغا يېقىن قىسمى ئۇسسۇل ـ تانسا ئويناپ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن يەردىن ئون سانتىمېتىرچە ئېگىزلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، دېرىزىنىڭ ئىككى بۇلۇڭىغا بىردىن كىيىم ئاسقۇچ قويۇلغان ئىدى.

ئارسلان ھورى ئۆرلەپ تۇرغان قىززىق چايدىن ئوتلىغاچ، كۈتكۈچى قىز ئېلىپ كىرگەن خام كۆكتاتلارغا ئېغىز تەگدى. ئۇنىڭ خىيالىدا بىر قاتار گۈزەل جۈملىلەر ئۆزۈپ يۈرەتتى. مەيلى يەپ ئىچسۇن، مەيلى ئىشقا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭسۇن، بولۇپمۇ كىتاب ئوقۇشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ بەلگىلىگەندىن باشلاپ، ئۇنىڭ خىيالىنى ئومۇمەن كىتابتا ئوقۇغان مەزمۇنلار ئىگىلىۋالغان ئىدى.

— ۋوي ئادىشىم، ھېچنېمە بىلەن چاتىقىڭلار يوق ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىلەرغۇ؟ — ئايرىمخانىغا كىرىپ كەلگەن نادىر يۇملاق ئۈستەلنىڭ ئىشىككە يېقىن تەرىپىدىكى ئورۇنداقتا ئولتۇرغان ئارسلانغا شۇنداق دېدى، — قانداق ئەھۋالىڭلار، سالامەتچىلىكتۇ؟

— ياخشى، ئۆزەڭلىچۇ؟ ھە كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار؟ — ئارسلان شۇنداق دەپ نادىرنى يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ھە مەن قولۇمنى يۇيۇپ كېلىپ ئاندىن ئولتۇراي ـ ھە! — نادىر شۇنداق دەپ، ئايرىمخانىنىڭ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ قولنى يۇيۇپ چىقتى.

— ھە كېلىڭلا.

— مەن ما دېرىزىنىڭ تۈۋىدىراق ئولتۇراي، ھاۋالىق، سالقىن ئولتۇرمامدۇق؟

— ھە، ئەمىسە مەنمۇ يېنىڭلارغا ئۆتەي، بالىلار كەلگۈچە مۇڭداشقاچ ئولتۇرارمىز، — ئارسلان شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ئايرىمخانىغا قەيسەر كىرىپ كەلدى.

— تېچلىقمۇ باللا، قانداقراق مىجەز؟ — قەيسەر پەگادا ئولتۇرغان ئارسلانغا چالا-پۇچۇق سالام قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇنداقلا قول سىقىشتى، ئاندىن دېرىزىنىڭ يېنىدا، تۆردە ئولتۇرغان نادىر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھال-ئەھۋال سورىدى.

— ھە كېلە ئاداش، مەشەدە ئولتۇرە! — نادىر قەيسەرنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن يېنىدىكى ئورۇندۇقنى ئارقىغا سۈردى.

— مەنمۇ يېنىڭلىغا ئۆتەي.

— ھە بولدى ئاداش، ئولتۇرىۋەرگىن، بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ تېخىمۇ بەلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرارمىز، — ئىككى ئاغىنىسىنىڭ يېنىدا گۇڭۇر-مۇڭۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان ئارسلان، بۇ گەپتىن ئوڭايسىزلىنىپ، ئۆز ئورنىدا شىپپىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ھە ئارسلان، سالامەتچىلىكتۇ، توي قىلامماي يۈرۈۋەدىڭلا شۇنداق قىلىپ؟ — نادىر ئارسلاننىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ، شۇنداق دېگەچ چاي ئېلىپ كىرگەن مۇلازىم قىزغا باشتىن ئاياق كۆز تاشلىدى.

— توي قىلامماي ئەمەس، كۆڭۈلدىكىدەك لايىق چىقماي دېسەڭ توغرا بولىدۇ، — دېدى ئارسلان يۇمشاق ئاۋازدا.

— ۋوي ئەكرەم، كېلە ئاداش — نادىر ئولتۇرغان ئورۇندۇق ئىشىك تەرەپكە، ئارسلان ئولتۇرغان ئورۇندۇق نادىر تەرەپكە قارايدىغان بولغاچقا، كونا ساۋاقدىشى ئەكرەم ئىشىكتىن كىرىشىگىلا نادىر ئەكرەمنى شۇنداق دەپ قارشى ئالدى.

ئەكرەم سورۇندىكى ئۈچەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى. ئاندىن، تېلۋىزورغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن تەمشەلدى.

— مېيەگە كەممەمسەن ئاداش، گۇڭۇر-مۇڭۇر پاراڭلاشقاچ بىللە ئولتۇرۇمىز.

— كەڭتاشا ئولتۇرايلى دېدىمغۇ، ھەممىسى بىر ئايرىمخانا بولغانىكىن. ھە قانداق، ھەممىڭلار تېچلىقتۇ باللار؟

ئەكرەم ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سورۇندىكىلەردىن بىر-بىرلەپ ئەھۋال سورىدى.

— داداڭ قانداقراق ئاداش، يوقلاپ ئۆتەپ بولالماي قالدىم، كېلەر ھەپتە يوقلاپ كېلىش نىيىتىم بار، — دېدى ئارسلان.

— دادام بۇرۇنقىدىن سەل ياخشى بولۇپ قالدى، مېنى شوپۇرى ئەكەپ قويغانتى، ئۆيىمىز يېقىن بولغاندىكىن سېنى بىللە ئېلىۋالاي دەپ ئويلىغانتىم، لېكىن تويۇقسىزلا مېڭىپ قېلىپ ساڭا خەۋەر قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدۇق.

— ھېچگەپ يوق، مەن ھاۋا يېگەچ مېڭىپ كەلدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر ئۆيدىن ھېچقانچە يىراق ئەمەس دېگىنە.

— ئارسلان ئاغىنەم، تاكسى پۇلىنى ئايايمەن دەپ مېڭىپ يۈرۈشنى تاشلىمىسىڭلار، ئۆمۈر بويى بويتاق قالىسىلەر جۇمۇ؟ — شۇنداق دەپ مەسخىرە ئارىلاش چاقچاق قىلدى نادىر.

— ئارسلاننىڭ تاكسىغا چۈشۈشنى پۇل ئىسراپ قىلغانلىق دەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، شۇڭا مەن دادامنىڭ ماشىنىسىدا ئالغاچ كېلەي دەپ ئويلىغان، ئەپسۇس شوپۇر ئاداش تېلفۇننى ئالغىلى ئۇنىماي، بىر ھازادىن كېيىن ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ تېلفون قىلىپ، تېز چۈشۈڭ، بارىدىغان يېرىڭىزگە چاققان ئاپىرىۋېتەي، ئالدىرايتىم دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسا، بىللە كېلەتتۇق مانا، — ئەكرەم يېنىك كۈلۈپ قويۇپ شۇنداق دېدى.

ئارسلان بۇ پاراڭلارغا سۈس تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ، لام-جىم دېمەستىن چېيىنى ئوتلىدى.

سورۇنغا يەنە ئىككەيلەن كىرىپ كەلدى. سالاملىشىپ بولۇپ، تېگىشلىك ئورۇندۇقلاردىن ئورۇن ئالدى.

— باللار بۈگۈن باشقىچە جانلىق جۇمۇ، سائەت ئون ئىككىدىن يىگىرمە مىنۇت ئېششىغا ئالتەيلەن كېلىپ بوپتۇق مانا. تاماقنى تارتقاچ تۇرسۇنمۇ قانداق؟ — دېدى نادىر.

— ساقلايلى، يەنە بەش ئالتەيلەن كەممىدى تېخى! — ئەكرەم داڭلىق ماركىلىق سائىتىنى بېغىشىدا ھەرىكەتلەندۈرگەچ تەمكىنلىك بىلەن شۇنداق دېدى.

— ياقۇپكام قاچانراق دوختۇرخانىدىن چىققۇدەك ئاداش؟— سورىدى نادىر ئەكرەمدىن.

— يەنە ئىككى ھەپتىچە بارمىكىن.

— ئالدىنقى قېتىم يوقلاپ بارغىنىمدا ئۇزاقراق يېتىپ قالىمەن دەۋاتتى. كۆڭلۈم بەك يېرىم بولغانتى، — دېدى نادىر.

— كىرەشمىزدە داداڭنىڭ شوپۇرى ئۇچراپ قالدى، ماشىنىنى بوراندەك ھەيدەپ مېڭىپتۇ، — دېدى سورۇنغا يېڭى كىرگەن ئىككى ئاغىنىدىن بىرى.

— ئالدىرايمەن دەۋاتتى، نەگە ماڭىدىكىن تاڭ.

كۆتكۈچى قىز چاي، خام كۆكتات قاتارلىقلارنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كىردى، يېڭى كىرگەنلەرگە چاي قۇيۇپ، چېيى ئازلاپ قالغانلارغا چاي لىقلىدى.

— رەھمەت ھە! — دېدى ئارسلان كۈتكۈچى قىز ئۆزىگە چاي لىقلاپ بەرگەندىن كېيىن.

— ئەرزىمەيدۇ. تاماقنى ...

— تاماقنى باللار تولۇق كەلگەندە تارتىمىز، يەنە ئالتە يەتتەيلەن بار، شۇ چاغدا، — دېدى ئەكرەم قوپال ئاۋازدا.

— بىلدىم، — كۆتكۆچى قىز شۇنداق دەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى.

— چاي قۇيۇپ بەرسىمۇ رەھمەت دەپ، رەھمەت ـ ھەشقالىلىنىڭ كوزىرىنى چۈشۈرمەيلى، ئاغىنەم ھەي!
— سورۇنغا بايا كىرگەن ئىسمائىل شۇنداق دېدى.

— ئەدەپ ئۇ، — دېدى ئارسىلان زەردە بىلەن. ئارسىلاننىڭ زەردە قىلغۇسى يوق ئىدى، ئەمما كۆتمىگەندە سۆزى قوپال چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئەدەپنىمۇ كىتاپتىن ئۆگەندىڭلار ھە قاچان؟ — سۆز قاتتى نادىر مەسخىرە ئارىلاش.

— كۆتكۆچىگە مۇشۇنداق خوش ـ خوشلاپ تۇرغان ئادەم، باشلىقىڭنىڭ ئالدىغا كەلسەڭ ئىش بارمۇ نېمە؟ — ئەكرەم ئەمدىلىكتە بىرىگە تېلفون قىلماقچى بولغاندەك قىيامەتتە يانچۇقىدىن چىقارغان قىممەت باھالىق تېلفوننى قۇلىقىغا تەڭلىگەچ شۇنداق دېدى.

— شۇنى دېگىنە ئاداش، ئايالىمنىڭ بىز تونۇشتۇرغان دوستىنىمۇ مۇشۇنداق قىلىپ قاچۇردى بۇ ئاغىنەم؟ — دېدى نادىر.

— قانداق قىلىپ قاچۇرۇپتىمەن!— سورىدى ئارسلان ھەيرانلىق ئىلكىدە.

— كۆتكۈچىگە تولا رەھمەت دەپچۇ؟ كۆتكۆچى قاراپ قويسىمۇ رەھمەت، گەپ سورىسىمۇ رەھمەت دېگەن چېغىڭلا بار. ئايالىمنىڭ دوستى سىلىنى بەك ياسالما بالىكەن، ماڭا كۆرسەتمىگەن ئىلتىپاتنى كۆتكۆچىگە كۆرسەتكۈدەك دەرىجىدە ئىش ئۇقماس بالىكەن، دەپتۇمىش، — نادىر شۇنداق دەپ ئاغرىنغان قىياپەتتە سورۇندىكىلەرگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ قويدى.

— ئاداش، كىتاپ ئوقۇغان ئادەم ئاشۇنداق بولۇپ قالىدۇ، ئامال يوق، — دېدى ئىسمائىل مەسخىرە ئارىلاش، — بىزنىڭ خىزمەتداشنىڭ سىڭلىسىنىمۇ قاچۇردى بۇ نوچى؟

— ئادىل ھەسەننىڭ قىزى ئالمىرەنى دەمسەن؟

— ھە شۇنى.

— قانداق قاچۇرۇپتۇ؟

— ئۈچىرىششقا كىتاپ كۆتۈرۈپ چىقىپتىمىش. قىزغا كىتاپ ئوقۇشنىڭ ئەھمىيتى ھەققىدە توختىماي سۆزلەپ، قۇلىقىدىن قان چىقىرىۋېتىپتىمىش، — دېدى ئىسمائىل.

— ئاغىنىلەر، مانداق ئەپقاچتى گەپلەرنى گېپىم بار دەپ دەپ يۈرمەڭلار. ئالمىرەنىڭ دادىسى خېلى جېنى بار زىيالىي. مۇشۇ بىر نەچچە يىل مابەينىدە يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ، ھەر قايسى يۇرتلاردا خەلقنىڭ

ئېغىزىدا كۆچۈپ يۈرگەن تارىخىي قوشاقلىرىمىزنى رەتلەپ، يېقىندا نەشرىدىن چىقاردى. ئادىلەنىڭ باشقا تەرىپىنى ئانچە بىلمىسەممۇ، ئادىلەنى كىتاپ دېسە بېشى ئاغرىيدىغان قىز دېسە مەن ئىشەنمەيمەن، ھەم مەن پەقەت كىتاپنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئىككى بىرئاز سۆز قىلدىم، كەچكىچە كىتاپ توغرىلىقلا گەپ قىلغان ئىش يوق. كىتاپ توغرىلىقلا سۆز قىلغان بولسامىمۇ، بۇنىڭ ھېچقانداق يامان يېرى يوق ئۇنىڭ ئۈستىگە — دېدى ئارسلان سۇلغۇن ئاۋازدا.

كېلىدىغانلار بىر ـ بىرلەپ كەلگىلى تۇردى. سورۇندىكىلەر بارغانچە ئاۋۇشقا باشلىدى.

— يۇرت ـ يۇرتنى كېزىپ قوشاق توپلاپتۇ؟ — نادىر شۇنداق دەپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ كىتاپپەرەسلەر ئەمەلىي ئىش قىلىشنى بىلمىگەندىكىن مۇشۇنداق تايىنى يوق ئىشلار بىلەن ئۆزىنى ئالدىمىسا قانداق قىلىدۇ؟ يۇرت ـ يۇرت كېزىپ قوشاق توپلايمەن دەپ ھېرىپ چارچىغۇچە، شۇنىڭغا كەتكەن چىقىمنى بىر ئىككى يېتىمنىڭ ئۆيىنى كېزىپ، شۇلارغا خەجلەش ئۈچۈن بەرگەن بولسا مۇشۇمۇ راۋۇرۇس چوڭ ئىش بوممامتى دەيمەن؟ — سورۇنغا كېيىنراق كەلگەن، يۈز ۋە قورساقلىرى بولۇشقا ئەت ئالغان ئىدرىس شۇنداق دەپ سۆز قاتتى.

— ھەي بۇنداق دەپ كەتمە، ئالىمرەنىڭ دادىسى دادام بىلەن خېلى يېقىن، مەن توي قىلمىغان چاغلاردا بىزنىڭ ئۆيگىمۇ نەچچە قېتىم كەلگەن. يېتىم ـ يېسىرلار بىلەنمۇ ئارىسى يېقىن ئا ئادەمنىڭ، ئۆزى داڭلىق بولغان بىلەن، — دېدى ئەكرەم، — ھە ئەمدى تاماقنى تارتسۇن، باللارمۇ ئاساسەن كەپ بولغىلى تۇردى، — كۆتكۆچى!!!

— راست دەيسەن. ئادىلەنىڭ دادىسى يېتىم ـ يېسىر، ئاجىزلارنى يۆلەشنىڭ ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ئىككى يىلچە ئاۋۋال بىر ماقالە يېزىپ، ژۇرنالدا ئېلان قىلغان، — دېدى ئارسلان.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سورۇندىكىلەرنىڭ بەزىلىرى پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ يازغۇچى ـ شائىر، زىيالىي ـ پىيالى دېگەننىڭ كۆپۈنچىسى نامرات كېلىدىكەن. ئالىمرەنىڭ دادىسىمۇ خەلققە ئاشۇنداق چاقىرىق قىلىپ، يىغىلغان پۇلنىڭ پىر قىسمىنى چۆنتەككە سالامدۇ تېخى، خۇدايىم بىلىدۇ، — دېدى ئۈستەلگە تىزىلغان گۆش قورۇمىسىغا چوكا تەڭلەۋاتقان خېلىل.

— قارىسىغا سۆزلىمە ھەي، ئادىلەنىڭ دادىسى زىيالىي بولغان بىلەن خېلى پۇلدار ئادەم، نەچچە يەردە ئۆيى بار، ماشىنىسىمۇ نوچى، — دېدى ئەكرەم.

— ھېلىمۇ شۇ ئۆي ماشىنا ئالغان پۇل مائاشقا قاراپ تۇرسا نەدىن كېلىدۇ، ئاداش؟

ئەكرەم گەپ قىلماستىن تاماق يېيىشكە چۈشتى، — ئېلىڭلار ئاغىينىلەر، كەڭتاشا يەيلى، — كۆتكۆچى، چاقماق!

— ما كۆتكۆچى قىزغا ھەر كىرسە قارايمەن، راۋۇرۇس چىرايلىق قىزكەن جۇمۇ؟ — دېدى نادىر چېنىسىدىكى نارىنىڭ چۆپىنى ئالدىرىماستىن چاينىغاچ.

— سەنغۇ بۆشۈكتىكى نارسىدە قىزغىمۇ كۆز تاشلايدىغان نەرسە؟ — دېدى سورۇندىكىلەردىن بىرى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەنغۇ بىر كۆتكۈچىگە قاراپ قويۇپتىمەن، ئوبۇلغا ئوخشاش خەقنىڭ قىزى بىلەن ئىش تېرىپ قويسامىمۇ، مەن دېگەن ئوغاۋالا جۇمۇ! — شۇنداق دەپ گۆلەيدى نادىر.

— ئوبۇل يامان گۈي. قول قويىمەن ئىشقىلىپ، — دېدى ئەكرەم، — پۇل خەجلەشنى بىلىدۇ، ئوغالبالىداچىلىقى بار، مەست بولسىمۇ پاكىز مەست بولىدۇ، خەق بىلەن مۇشلىشىپ قالسىمۇ يانماي مۇشلىشىدۇ. ئوبۇلنىڭ مىجەزىنىڭ بىر بۇرجۇكى بىزنىڭ ما ئارسلاندا بولغان بولسا، بۇ چاغقا ئالللىقاچان توي قىلىپ، پاقالاندەك پەرزەنتىمۇ بولۇپ بولغان بولاتتى.

— شۇنى دېگىنە. ئۇچرىشىشقا چىقسا كىتاب كۆتۈرۈپ چىقىپ، هاراقنى كۆرسە قىز بالىدەك تىترەپ تۇرسا، تاماكىنىڭ ئىسىنى پۇرسا بىر هازا يۆتىلىپ يۈرسە، بۇنى كۆرگەن هەر قانداق قىز بالا قاچمامدۇ بۇنىڭدىن؟ — دېدى سورۇندىكى ئاغىينىلەردىن بىرى.

— تاغامنىڭ قىزنى تونۇشتۇرغۇنۇمغا مىڭ تويغۇزدى بۇ ئاغىنەم. بۇرۇن بىر نەچچە قېتىم يۈرگىنىنى ئاڭلاپ، تاغامنىڭ قىزىغا نېمە دەپتۇ دېمەمسىلەر؟ — سورۇندىكى ئاغىينىلەردىن يەنە بىرى شۇنداق دېدى.

— نېمە دەپتۇ، دەڭلا هە!

— مەن باشقا ئوغۇل بالا بىلەن يۈرۈپ ئايرىلىپ كەتكەن قىزنى يەپ تاشلاپ قويغان ئالمىغا ئوخشىتىمەن، ئۇنداق قىزلار ماڭا ماس كەلمەيدۇ دەپتىمىش.

— ما گەپ سەل يالغان بوپ قالدى جۇمۇ، ئەسەت، — سۆز ئاچتى ئارسلان، — مەن ئۇنداق دېمىدىم، ئۇ قىز ئۆزىنىڭ بىر نەچچە ئوغۇل بالا بىلەن يۈرگىنىنى، مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلى ئايرىلىپ كەتكىنىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى باشقۇرۇۋالمايدىغان، قورسىقى كەڭ، ئىلغار پىكىرلىك لايىق بولمىسا ئۆي تۇتمايمەن دېۋىدى، مەن بولغۇسى ئايالىمنى گېزى كەلگەندە باشقۇرۇشۇم ئېنىق، باشقىلار بىلەن يۈرۈپ ئايرىلىپ كەتكەن قىزلارنى پەقەتلا ئويلىشىپ باقماپتىكەنمەن. شاختىن ئۈزۈلمىگەن ئالما باققاللارنىڭ قولىدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرغان ئالمىدىن هەر قاچان ئۈستۈن، چىشلەپ قويغان ئالمىنى كۆرەگەنلا ئادەم سېتىۋالماسلىقى مۇمكىن، — دەپ تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلەپ يېنىپ چىقتىم.

— بۇ پىكىرىڭ راستلا بەك چەكتىن ئاشقان پىكىر، ئارسلان ئاداش. مېنىڭ ئانامىمۇ دادام بىلەن توي قىلىشتىن ئاۋۋال بىرسى بىلەن يۈرۈپتىكەن. كېيىن دادام بىلەن توي قىپتۇ، مانا هازىر بىر ئائىلە شۇنچە بەختلىك ياشاۋاتامدۇق، دادامنىڭ ئانچە مۇچە كۈللەپ قويغىنىنى هېساپلىمىغاندا. باشقىلار بىلەن يۈرۈپ ئايرىلىپ كەتكەن قىز بالىنى كەمسىتىشىڭ مېنىڭ يۈرۈكىمگىلا تەگدى جۇمۇ، — قولىدىكى تاماكىنى پۇرقىرىتىپ چەككىنىچە، داستىخاندىكى تاماقلاردىن هېلى ئۇنىڭغا، هېلى بۇنىڭغا چوكا سېلىۋاتقان ئاغىينىلەردىن بىرى شۇنداق دېدى.

— ھەي، بۇ كەمستكەنلىك ئەمەس. ھەر ئادەمنىڭ ئۆز پىرىنسىپى بولىدۇ، قارا، — دېدى ئارسلان يۇقىرىراق ئاۋازدا.

— داداڭ ئاناڭنى بۇرۇنقى يۇرگىنىدىن ھازىرغىچە كۆلەپ يۇرگىنىگە قارىغاندا داداڭمۇ ياش چاغلىرىدا ئاز تولا كىتاب ئوقۇۋالغان بولسا كېرەك، — دېدى خېلىل مەنستمىگەن ئاھاڭدا.

— مېنىڭ سىڭلىممۇ بۇرۇنقى مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ كېتىپ، باشقىسى بىلەن تونۇشقان، ئاز كۈندىن كېيىن تويى بولىدۇ. كاللاڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە كېتىپتۇ سېنىڭ ئاداش، — دېدى قەيسەر.

— بۇ جەھەتتە كۆز قارىشىمىز ئوخشىمايدىكەن. مەن ئۆز پىرىنسىپلىرىمدىن بۇنداق ئالدىراپ ۋاز كېچىدىغان مەيدانى يوق بالا ئەمەس. مەن توغرا كۆرمەيدىغان قىممەت قاراشلارنى ماڭا زورلاپ تاڭمەن دېمەڭلار ئاغىينىلەر.

— قارا، قارا، كىتاب ئوقۇۋېرىپ، سۆزلەش ئۇسلۇبىمۇ ئۆزگىرەپ كېتىپتۇ، قىممەت قاراش، پىرىنسىپ دەپ، پەيلاسوپلارچە گەپ قىلىپ. مۇشۇنداق سۆننىي گەپلەرنى ئاڭلىسام شۇنچىلىك غىدىقىم كەپ كېتىدۇ مېنىڭ، — دېدى نادىر توڭلۇق بىلەن.

— ئالمىرەنىڭ دادىسى قاتارلىق بىر نەچچە زىيالىي بىلەن بىر ئىككى قېتىم كۆرۈشۈپ، ئولتۇرۇپ قوپۇپ قىلىپ، ما ئاداشمۇ ئۆزىنى پەيلاسوپ چاغلاپ قالدى بولغاي، — دېدى قەيسەر مەسخىرە ئاھاڭدا.

ئارسلان بولۇنغان گەپلەرگە ئامال بار ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماسلىققا، دېيىلگەنلەرنى پىسەنتكە ئالماسلىققا تىرىشتى.

— قايسى كۈنى يېڭى سېتىۋالغان ئۆيىمىزنى بېزەشنىڭ گېپى بولغاندا، دادام مېھمانخانىنىڭ بىر تېمىغا ئۆزگىچە قىلىپ كىتاپ جاھازىسى ياستىمەن دەۋاتاتتى، ھە نىم بولسا ھەر قايسىڭلار بىلەن ئۆيىنى بېزەپ بولغاندا كۆرۈشمەي، بۇگۈن كۆرۈشۈپتۇق. بومىسا، ئۆيىمىزنىڭ بىر تېمىغا ئاشۇنداق خىيالپەسەر دەلدۈشلەر يازغان نېمىلەرنى تىزىۋېلىپ، ئۇنى ئۆكىلىرىمىدىن بىرەرسى ئوقۇۋېلىپ، ئاقىۋەتتە مۇشۇ ئارسلاندەك ئىپتىدائىي گەپلەرنى قىلىدىغان بولىۋاركەن جۇمۇ. ھېلى ئۆيگە قايتاشىمدا دادامغا كىتاپ جازىسى ياستىش پىلانىڭدىن دەرھال يان دەپ، ئارسلاننى مىسال قىلىپ سۆزلەپ بەرمىسەم.

— ھە راس، ئاداش، داداڭ ئۇ ئۆيىنى قانچىگە سېتىۋالدى؟

— بەش يۈز مىڭغا. ئەللىك مىڭ پايدىسىنى بېرەي دېگەنلەر چىققان، دادام ئۆزىمىز ئولتۇرىمىز دەپ ساتمىدى.

سورۇندىكىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن سۆزلەشكە باشلىدى.

— بۇ يىل ماشىنا يېڭىلىدۇق، كېلەر يىلى بىزمۇ ئۆي سېتىۋالىمىز.

— بىز ئۈچ يىل بۇرۇنلا ئۆي، ماشىنىلارنى يېڭىلاپ بولغان.

— ئۆي، ماشىنا دېگەن چوڭ نەرسە ئەمەس، جەنۇبىي تاغدىن داچىمۇ سېتىۋېلىپ بولدۇق بىز. ئۆينى بىزگە ساتقىنى مۇشۇ ئارسلاندەك بىرى ئوخشايدىكەن، ھەممە ئۆيدە دېگۈدەك كىتاپ جازىسى بار، شۇنى ئۆزگەرتىمىز دەپلا نەچچە ئون مىڭ سوم پۇلنى ئارتۇق خەجلەپ كەتتۇق دەڭلا.

داچىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن سورۇندىكىلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. سورۇننى جىمجىتلىق قاپلىدى. پەقەت ئارسلانلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، غېمىدە يوق ھالدا قاچىسىدىكى تاماقنى يەۋاتاتتى:

— ھە ئارسلان، تاكسىنىڭ پۇلىنىلا ئايامدىكىن دېسەم، كەچلىك تاماقنىڭ پۇلىنىمۇ ئاياپ، كەچلىك تاماق مەسىلىسىنى ھازىرلا ھەل قىلىۋېتىپ كېتەي دەپسەن ـ دە، بوپتۇ ئاداش، بويتاق بولغانكىن جىق ـ جىق يەۋاغىن! — شۇنداق دەپ جىمجىتلىقنى بۇزدى سورۇندىكىلەردىن بىرى تاماكىسىغا چاقماق ياققاچ.

سورۇندىكىلەر يەنە تۇشمۇ تۇشتىن سۆزلەپ كەتتى:

— بىكاردىن بويتاق بولمايدۇ، ئۇستى بېشىغا راۋۇرۇس كىيسەپ، ئۆزىنى تۈزەپ يۈرمىسە قىزلار ياراتمايدۇ.

— شۇ، شۇ. ئاۋۇ ئۈچىسىدىكى مايكىسىنى تونۇۋالدىم، ئۈچ يىل ئاۋۋال مەن بىلەن تۇنجى تونۇشقاندا كىيگەن مايكىسى شۇ. سەن قىزلارنىڭ ئۈچىسىغا قاراشنى بىلمىگەن بىلەن، قىزلار ئۈچاڭغا بىر قاراپلا، ھەتتا پايپىقىڭنىڭ ماركىسىدىن تارتىپ بىلىپ بولىدۇ. نەدىكى چۈپەيلەردەك توپ بازىرىنىڭ ئەرزان ماللىرىنى كىيىپ يۈرسەڭ، ھېلىمۇ سەن بىلەن كۆرۈشكىلى چىقىدىغان قىزلار تېپىلىدىكەن دەيمەن.

— بەك بومىسا بۇدا كۆرۈشكىلى چىققاندا تېلفۇن قىلارسەن، كىيىملىرىمدىن بىرەر قۇر بېرىپ تۇراي، شۇ باندا كىيىم ئۆتكىلىدىن بولىسىمۇ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتەرسەن.

سورۇندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى.

— ئىجارە كىيىم بىلەن كىيىم ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن بىلەن، بۇرۇن يۈرگەن بولسىڭىز توي قىلمايمەن، كېيىن ئىچىپ قالسىڭىز ئاجرىشىمەن، كىتاپ ئوقۇمىسىڭىز خاپا بولۇپ قالىمەن دەپ پەلىپەتىش سۆزلەپ يۈرسە، قىز بالا يۈزىگە نەق مەيدانىدىلا يۇندە چاچىدۇ. ھازىرقى قىزلار بوش ئەمەس.

سورۇندىكىلەر بەس ـ بەستە سۆزلىمەكتە. تەرەپ تەرەپتىن چېكىلىۋاتقان تاماكىنىڭ ئىسى بىلەن تولغان ئايرىمخانا ئارسلاننى بارغانچە بىئارام قىلماقتا. ئارسلاننىڭ ئەل ـ ئاغىينىلىرى ئارسلاننى ھەدەپ ئەيىپلىمەكتە.

— ئاغىنىلەر، باشقىلارنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىش ساپا جۈملىسىدىن. مەن كىتاپ ئوقۇش يولىنى، ئاددىي ـ ساددىلىق يولىنى تاللىغان بولسام سىلەرگە نېمە يامىنى؟!

ئارسلاننىڭ بۇ گېپىنى ھېچكىم ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن سۆزلەۋاتاتتى. پات ـ پات پاراقشىپ كۈلۈۋاتاتتى. ھەر تەرەپتىن قىقاس، ھەر تەرەپتىن ئىس چىقىۋاتاتتى.

— ئاغىينىلەر، مېنىڭ بېشىم سەل ئاغرىغاندەك بولىۋاتىدۇ. مەن بەش مىنۇت ھاۋا يەپ كىرەي، سىلەر يەپ ـ ئىچكەچ تۇرۇڭلار.

سورۇندىكىلەر ھەدەپ سۆزلەۋاتاتتى. ھەممەيلەن ئۇنى ئەيىپلەۋاتاتتى. ھەممەيلەن ئۇنى مازاق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە خۇشاللىق تېپىۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەممەيلەننىڭ غەزىپى بارغانچە ئېشىۋاتقاندەك تۇراتتى. ئارسلان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايرىمخانىدىن چىقتى. ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ، ھېسابات قىلىش ئۈچۈن پۇل تۆلەش بۆلۈمىگە كەلدى. ئايرىمخانىدا يەپ ـ ئىچىلگەن تاماقلارنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، مېھمانسارايدىن قايتىپ چىقتى.

سىرتتا ھاۋا ياخشى ئىدى. ئىللىق باھار شامىلى ئارسلاننىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتۈشى بىلەن، ئارسلان باشقىچە راھەتلىنىپ قالغاندەك بولدى. ئارسلان مېھمانساراي ئالدىدا تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. ھاۋا شۇنچە ياخشى بولۇشىغا قارىماي كوچىلاردا ئادەم ئاز ئىدى. ئارسلان ئۆزىنى چۈشتىن ئويغانغاندەك ھېس قىلدى. ئاغىينىلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كىرىشكە رايى تارتمىدى. ئارسلان ئوقۇۋاتقان كىتابىنى كەلگەن يەردىن داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇش ئۈچۈن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.



# چۈمۈلىدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك رەھبەرلىك سەنئىتى

فىلو فالايى

# چۈمۈلىدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك رەھبەرلىك سەنئىتى

فىلو فالايى

چۈمۈلىلەرنىڭ تولىمۇ تەرتىپلىك ھالدا توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان، ئىشچان جانىۋارلار ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئەمما، چۈمۈلىلەردىكى «رەھبەرلىك سەنئىتى»نى ئاڭلاپ باققانلار تولىمۇ ئاز بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇ ماقالىدە چۈمۈلىلەرنىڭ رەھبەرلىك سەنئىتىدىن مەنبەلەنگەن تۆت مۇھىم ئۆگۈتنى بايان قىلىمىز. بۇ ئۆگۈتلەرگە ئەمەل قىلسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەت يولىڭىز تېخىمۇ راۋانلاشقۇسى!

دەۋرىمىزدە رەھبەرلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپ تولىمۇ يۇقىرى. تەلتۆكۈس ئۆزگىرىشلەر مەۋجۇت ھالىتىمىزنىڭ پاسسىلىرىنى توختاۋسىز تەرزدە بۇسۇپ تۇرغاچقا، ماسلىشىشچانلىق، جانلىقلىق ۋە يىراقنى كۆرەرلىك قاتارلىق ساپالار نورمال ئۆلچەمگە ئايلىنىپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش قارقىلىق، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرالايدىغان، شۇنداقلا ئۆزىنىمۇ توختاۋسىز ئىسلاھ قىلىپ تۇرالايدىغان رەھبەرلەرلا يېتۈك رەھبەر ھېسابلىنىدۇ.

مەن چۈمۈلىلەرنىڭ تىپىك تۇرمۇش ئەندىزىسى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزگىنىمدە، ئۇلارنىڭ مىسلىسىز ئەستايىدىللىقى ۋە شىجائىتىگە ھەيران بولىمەن. بۇ تەبىئىي ھالدا كاللامدا مۇنداق بىر سوئالنى پەيدا قىلىدۇ: چۈمۈلە نېمە ئۈچۈن ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە بۇنچە جاپالىق ئىشلەيدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ سوئالنىڭ ئاللىقانداق سىرلىق جاۋابى يوق. ئۇلار ئاپەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق جاپالىق ئىشلىشىدۇ. ئەگەر چۈمۈلە توپى قىشقا تەييارلىق قىلمىسا، نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟

مەن سىزنىڭ «ئەڭ ياخشىسىنى ئۈمىد قىلىپ، ئەڭ يامىنىغا تەييارلىق كۆر!» دېگەن سۆزنى قەلب خاتىرىڭىزگە يېزىۋېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈمۈلىلەر قىشقا ھەرگىز سەل قارىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنداق قىلىشنىڭ تەلتۆكۈس ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. تۆۋەندىكى ئۆگۈتلەر بۇ دەۋر ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولۇپ، بىز چوقۇم چۈمۈلىلەرنى ئۈلگە قىلىشىمىز كېرەك.

**1. ئاساسسىز پەرەزنى قويۇپ، ئەڭ يامان ئەھۋالغا تەييارلىق قىلىڭ.**

چۈمۈلىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىشتىكى مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يازدا تىنىم تاپماي ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەيدۇ، پىلان تۈزىدۇ، تەييارلىق كۆرىدۇ ۋە پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. چۈمۈلىلەر ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۈنۈملۈك پىلانلاش ۋە توپتوغرا ئىجرائاتقا باغلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. ئەنە

شۇنىڭدەك، رەھبەرلەر چوقۇم دىققىتىنى ئۆز نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈشى؛ كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارنى مۆلچەرلەشكە، تەسەۋۋۇر قىلىشقا، پىلانلاشقا ۋە تەييارلىق كۆرۈشكە ۋاقىت ئاجرىتىشى كېرەك.

**2. ۋاقتىڭىزدىن ئەڭ يۇقىرى چەكتە پايدىلىنىڭ**

چۈمۈلىلەر قىش كېلىشتىن نەچچە ئايلار ئىلگىرىلا قىشتىكى مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق كۆرىدۇ. بۇ رەھبەرلەرنى تىرىشچان بولۇشقا، ئىنچىكە پىلان تۈزۈشكە ئۈندەيدىغان كۈچلۈك ساۋاقتۇر. ۋاقتىنىڭ نە قەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىش ھەمدە ئىشنىڭ قىممىتىنى ئاساس قىلغان ئىچكى سىستېما ئارقىلىق ئىشلارنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى باھالاپ چىقىش تولىمۇ مۇھىم.

**3. كەلگۈسىگە تەييارلىنىش**

كەلگۈسىنى ۋە مۇھىم ئىشلارنى نەزەردىن ساقىت قىلماڭ. چۈمۈلىلەر نېمىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە پۈتۈن دىققىتىنى تامامەن شۇ ئىشقا مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇلار پىلانلىق ھالدا قىش كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئوزۇق-تۈلۈك توپلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ پىلانى ئوزۇق-تۈلۈك تېپىش، ساقلاش ۋە تارقىتىش قاتارلىق ھالقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەھبەرلەر ئىلگىرى تاپاۋەت قىلىنغان، توپلانغان ياكى ئېرىشىلگەن بايلىقلارنى سورۇپ تۈگىتىۋەتمەستىن، يېڭى بايلىقلارنى توپلىشى ۋە كۆپەيتىشى كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، رەھبەرلەرنىڭ چوقۇم راھەت كۆرۈشنى كېچىكتۈرىدىغان ئادىتى بولۇشى ۋە بۇ ئادەتكە ئىزچىل رىئايە قىلىشى كېرەك.

**4. ئادەم كۈچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش**

قول ئاستىڭىزدىكى مۇۋاپىق كىشىلەر يوشۇرۇن كۈچىڭىزنى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىڭىزنى ئاشۇرىدۇ. چۈمۈلىلەرنىڭ توپلىشىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى تولىمۇ ھەيران قالارلىق ئەمەسمۇ؟ كۆڭۈلدىكىدەك كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

چۈمۈلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى مۇۋاپىق ئەزالارنى ئوزۇقلۇق توپلاش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل قىلىشىدۇ. مەن بۇ كوللېكتىپنى بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە، دىققىتىنى پۈتۈنلەي مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا، تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن. شۇنىڭدەك، رەھبەرلەرنىڭمۇ كىمنىڭ ئۆز كوللېكتىپىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ۋە قاچان باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىشى زۆرۈر. توغرا پەيتنى تاللىغان توغرا كوللېكتىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.forbes.com/sites/forbescoachescouncil/2020/01/30/four-lessons-ants-can-teach-us-about-leadership/?sh=7650e26d580c



# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى

ئا.ئەركىن

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە خىسلەتلىرى

ئا. ئەركىن
(بېشى ئالدىنقىساندا)

## ئىسىملىرى

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:«مېنىڭ كۆپلىگەن ئىسمىم بار.[1] (مۇسلىم 6059) مەن مۇھەممەد، مەن ئەھمەد، مەن مۇقافىفا، مەن ھاشىر. مەن تەۋبە پەيغەمبىرىمەن، مەن رەھمەت پەيغەمبىرىمەن.»[2] (مۇسلىم 6061) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھمەد دېگەن ئىسمى قۇرئاندىمۇ تىلغا ئېلىنغان: {ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى. ئىسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى.}[3]

## ئۆزىنى سۈپەتلىشى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى سۈپەتلەپ ئېيتقانلىرىنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:
«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن ئاسماندىمۇ ئىشەنچلىك، زېمىندىمۇ ئىشەنچلىك ـ ئەمىندۇرمەن.»[4] «بارچە ئىنسانلارغا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم.»[5] (مۇسلىم 1167)«مەن ئاراڭلاردا ئاللاھنى ئەڭ ياخشى تونۇغۇچى ۋە ئاللاھتىن ئەڭ قورقۇچىمەن.»[6] «قىيامەت كۈنى مەن ئىنسان بالىلىرىنىڭ سەردارىمەن. تۇنجى بولۇپ قەبرىسى يېرىلغۇچى مەن، تۇنجى بولۇپ شاپائەت قىلغۇچى مەن ۋە تۇنجى بولۇپ شاپائىتى

[1] سەھىھۇل مۇسلىم، 6059 ـ ھەدىس

[2] سەھىھۇل مۇسلىم، 6061 ـ ھەدىس

[3] قۇرئان كەرىم، 61 ـ سۈرە، 6 ـ ئايەت

[4] تەبرانى: ئەلئەسەت؛ ئەلبانى: سەھىھ جامىئۇس سەغىر، 1337 ـ ھەدىس

[5] سەھىھۇل مۇسلىم، 1167 ـ ھەدىس

[6] سەھىھۇل بۇخارى، 20 ـ ھەدىس

قوبۇل قىلىنغۇچىمەن.»[7] «سىرات كۆۋرۈكىدىن تۇنجى بولۇپ مەن ئۆتىمەن.»[8] «جەننەتنىڭ ئىشىكىنى تۇنجى بولۇپ مەن چېكىمەن.»[9]

مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا قىرىق يېشىدا پەيغەمبەرلىك ۋەھىيسى كەلگەن بولۇپ، ۋەھىي كەلگەن كۈن دۈشەنبە كۈنى ئىدى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسسەللەمدىن دۈشەنبە كۈنى روزا تۇتۇشنىڭ سەۋەبى سورالغاندا «مەن دۈشەنبە كۈنى تۇغۇلدۇم. ۋەھيىمۇ ماڭا دۈشەنبە كۈنى كەلدى» دېدى.[10]

«ئاللاھ مېنى گۈزەل پەزىلەتلىك، مەرت ۋە كەمتەر قىلىپ ياراتتى. مېنى كىبىرلىك، تەرسا ۋە ھەقنى دەپسەندە قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلمىدى.»[11] «مەن مۆمىنلەرگە ئۆز جېنىدىنمۇ بەك يېقىنمەن.»[12] «مەن كېلىشىمنى بۇزمايمەن. ئەلچىنى سولاپ قويمايمەن.»[13] «شەكسىزكى، مەن گۈزەل ئەخلاقنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم.»[14]

«خىرىستىئانلار مەريەم ئوغلى ئىسانى چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختىغىنىدەك، سىلەر مېنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختىماڭلار. چۈنكى، مەن پەقەت بىر قۇلمەن. بۇنداق ئىكەن، مېنى ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە رەسۇلى دەڭلار.»[15]

## يۇمشاقلىقى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ بىلەن مەسجىدتە ئولتۇراتتۇق، چۆلدە ياشايدىغان كىشىلەردىن بىرى مەسجىدكە كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۆرە تۇرغان پېتى سىيىشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى «توختا، توختا» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ «ئۇنىڭغا دەخلى قىلماڭلار، ئىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويماڭلار» دېدى. ساھابىلەر تاكى بۇ چۆلدە ياشايدىغان كىشى ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بولغانغا قەدەر ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلمىدى. ئۇ ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسسەللەم ئۇنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:«مەسجىدلەردە كىچىك تەرەت قىلىش ۋە باشقا شەكىلدە مەسجىدلەرنى مەينەت قىلىش توغرا ئەمەس. مەسجىدلەر پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھنى زىكىر قىلىش، ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن ئىنشا قىلىنغان.» رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىگە مۇنداق دېدى:«سىلەر پەقەتلا ئاسانلاشتۇرغۇچى قىلىنىپ ئەۋەتىلدىڭلار، تەسلەشتۈرگۈچى قىلىنمىدىڭلار. ئۇنىڭ كىچىك تەرىتىنىڭ ئۈستىگە بىر چېلەك سۇ تۆكۈڭلار.»

---

[7] سەھىھۇل مۇسلىم، 2278 ـ ھەدىس؛ سۇيۇتى: جامىئۇس سەغىر 2692 ـ ھەدىس

[8] سەھىھۇل مۇسلىم، 450 ـ ھەدىس

[9] سەھىھۇل مۇسلىم، 482 ـ ھەدىس

[10] سەھىھۇل مۇسلىم: كىتابۇس سىيام، 197 ـ ھەدىس

[11] سۇيۇتى: جامىئۇس سەغىر 1719؛ ئەلبانى: سەھىھ ئىبنى ماجە 2648، سەھىھ

[12] سەھىھۇل مۇسلىم، 4133 ـ ھەدىس

[13] ئەلبانى: سەھىھ ئەبۇ داۋۇد، 2758 ـ ھەدىس؛ سۇيۇتى: جامىئۇس سەغىر، 2644 ـ ھەدىس

[14] سەھىھۇل بۇخارى: ئەدەب ئەلمۇفرەد، 273 ـ ھەدىس؛ ئەلبانى: سىلسىلە ئەسسەھىھە، 45 ـ ھەدىس

[15] سەھىھۇل بۇخارى

بۇنىڭ بىلەن چۆلدە ياشايدىغان كىشى «ئى ئاللاھ! ماڭا ۋە مۇھەممەتكە رەھىم ـ شەپقەت قىلغىن. ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىمگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا «سەن تولىمۇ كەڭرى بولغان ئىشنى بەكلا تارايتىۋەتتىڭ» دېدى.[16]

## باتۇرلۇقى

بەررا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققاندا رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ پاناھلىناتتۇق. بۇنداق چاغدا ساھابىلەرنىڭ ئەڭ قەھرىمانلىرى رەسۇلۇللاھ بىلەن ئوخشاش سەپتە (مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ) دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلاتتى.[17]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەدر جېڭى بولغان كۈنى بىزلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ سايىسىدە ئۆزىمىزنى قوغداۋاتقانلىقىمىزنى كۆردۇق. ئارىمىزدا دۈشمەنگە ئەڭ يېقىنى رەسۇلۇللاھ ئىدى. رەسۇلۇللاھ بەدر جېڭى كۈنى ھەممەيلەندىن بەك قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلدى.[18]

## مەرتلىكى

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشىلىق جەھەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مەرتى ئىدى.[19] ھېچقانداق نەرسىنى كەلگۈسى ئۈچۈن دەپ ساقلاپ قويمايتتى.[20] ھەر قانداق نەرسە تەلەپ قىلىنسا «ياق» دېمەيتتى. باشقىلارنىڭ ھەر قانداق ھاجىتىنى رەت قىلمايتتى.[21]

مەككە فەتھىسىدىن كېيىن ھۇنەين غازىتىدا يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان بىرەلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆزىگە ئىككى تاغنىڭ ئارىسى توشقۇدەك كۆپ مىقداردا قوي بېرىشىنى سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا سورىغىنىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى ئۆز قەبىلىسىگە قايتىپ «ئى قەۋمىم، مۇسۇلمان بولۇڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد نامرات بولۇپ قېلىشتىن قىلچە قورقۇپ قالماي بېرىۋېرىدىكەن، دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەزى كىشىلەر پەقەت دۇنيانىڭ كۆزلەپ ئىسلامغا كىرەتتى. ئەمما، ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادىنمۇ، دۇنيادىكى بارچە نەرسىدىنمۇ قىممەتلىك، سۆيۈملۈك بولۇپ كېتەتتى.[22]

---

[16] بۇخارى ۋە مۇسلىم

[17] بۇخارى ۋە مۇسلىم

[18] مۇھەممەد جەمىل زەينۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ۋە خىسلەتلىرى، 75 ـ بەت

[19] سەھىھۇل بۇخارى، 6 ـ ھەدىس؛ مۇختەسەر سەھىھ مۇسلىم 1591

[20] شامائىل تىرمىزى، 195

[21] سەھىھۇل بۇخارى، 6034 ـ ھەدىس؛ مۇنزىرى: مۇختەسەر سەھىھ مۇسلىم، 1592 ـ ھەدىس

[22] مۇزىرى: مۇختەسەر سەھىھ مۇسلىم، 1593 ـ ھەدىس

مەككە فەتھەدىن كېيىن ھۇنەيىن غازىتىدا ئالتە مىڭ قۇل، 24 مىڭ تۆگە، 40 مىڭدىن ئارتۇق قوي، تۆت مىڭ ئۇقىيە كۈمۈش غەنىيمەت ئېلىنغان. رەسۇلۇللاھ بۇ غەنىيمەتلەرنى ئون كۈن سەرپ قىلىپ مۇسۇلمانلارغا تارقىتىپ بەرگەن.[23]

## ھەشەمەتتىن ۋە مال-دۇنيادىن ئۇزاقلىقى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم تاكى ۋاپات بولغۇچە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلىسى ئىككى كۈن ئۇدا ئارپا نېنىغا تويۇپ باققان ئەمەس.[24]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ۋە ئۇ زاتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يەيدىغانغا يېمەكلىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئارقا-ئارقىدىن نەچچە كېچىلەپ ئاچ قورساق يېتىپ قالاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ يەيدىغان نېنى كۆپىنچە ھالدا ئارپا نېنى ئىدى.[25] رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ۋە ئاياللىرى يەيدىغان نەرسىسى يوق بولغانلىقى ئۈچۈن كېچە-كېچىلەپ ئاچ قورساق يېتىپ قالاتتى.[26]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئائىلىسى مەدىنىگە كەلگەندىن باشلاپ، تاكى ئۇ زات ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇدا ئۈچ كۈن بۇغداي نېنى بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ باقمىدى.[27]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئائىلىسى بىر كۈندە ئىككى ۋاخ تاماق يەپ باقمىدى. بىر ۋاخ تامىقى خورمىدىن باشقىسى بولمىدى.»[28]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ:«بىز ئاي بويى تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئوت ياقمايتتۇق. يەيدىغىنىمىز پەقەتلا خورما بىلەن سۇ ئىدى. بىرەر پارچە گۆش كېلىپ قېلىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.»[29]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم «ئى رەببىم! مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسگە كۈن كەچۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە رىزىق ئاتا قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى.[30]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىۋىدىم، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام بورا ئۈستىدە، بېشىغا تېرىدىن ئېچىگە خورمىنىڭ يۇمشاق تالالىرى سېلىنغان ياستۇق قويۇپ ئۇخلاپ قالغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامنىڭ بەدىنىدىكى بورا ئىزلىرىنى كۆرۈپ يىغلاپ سالدىم، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام: نېمىگە يىغلايسەن، دېدى، مەن: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! قەيسەر

[23] ئىبنى قەييىم: زادۇل مەئاد، 2\194

[24] سەھىھۇل مۇسلىم، 2907-ھەدىس

[25] ئەلبانى مۇختەسەر شامائىلدا سەھىھ دېگەن.

[26] ئەلبانى: سەھىھۇل جامىئۇس سەغىر، 4895-ھەدىس

[27] سەھىھۇل بۇخارى، 6454

[28] سەھىھۇل بۇخارى، 6455

[29] سەھىھۇل بۇخارى، 6458-ھەدىس

[30] سەھىھۇل بۇخارى، 6460-ھەدىس

**(رىملىقلارنىڭ پادىشاھى) كىسرا (پارسلارنىڭ پادىشاھى) ئالى تۇرمۇشتا ياشايدۇ، سىلە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ـ پەيغەمبىرى تۇرسىلا دېسەم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئى ئۆمەر! ئۇلارغا دۇنيا بىزگە ئاخىرەت بېرىلسە بۇنىڭغا رازى بولمامسەن؟، دېۋىدى، ئەلۋەتتە رازى بولىمەن دېدىم.[31]**

## قالدۇرغان مىراسى

**ۋاپات بولغاندا ھېچقانداق پۇل ـ مال ۋەياكى بىرەر قۇل قىلىپ قالمىدى. رەسۇلۇللاھتىن قېلىپ قالغىنى پەقەتلا قورال ـ ياراقلىرى، ئۇلىغى، مۇساپىرلارغا ۋە يولدا قالغان مۇسۇلمانلارغا سەدىقە سۈپىتىدە قالدۇرۇپ قويغان بىر پارچە زېمىن ئىدى.[32]**

**ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغان چاغدا، ئۆيۈمدە تاختا بېشىدىكى ئازغىنە ئارپىدىن باشقا يېگۈدەك ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. مەن شۇ ئارپىدىن ئۆزۈنغىچە يېدىم. ئاندىن ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ باققان ئىدىم، ئارپا (تېز مۇددەتتە) تۈگەپ كەتتى.[33]**
**مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم «بىزنىڭ مىراسچىمىز بولمايدۇ، بىزدىن قالغان ھەر قانداق نەرسە سەدىقىدۇر» دېگەن ئىدى. (مۇسلىم 4552) رەسۇلۇللاھتىن قالغان ئازغىنە نەرسىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇ ۋەسىيتى بويىچە ئاجىز ـ نامراتلارغا سەدىقە قىلىندى.**

## ئاللاھنى زىكىر قىلىشى

**مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئاللاھنى زىكىر قىلىش جەھەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى ئىدى. ھەتتا ھەر سۆزى ئاللاھنىڭ زىكرى ۋە شۇنىڭغا يېقىن سۆزلەر ئىدى. ھەر چاغ ئاللاھنى زىكىر قىلاتتى. ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان، ماڭغان، ئۇلاغقا مىنگەن، سەپەر قىلغان، مۇقىم تۇرغان ھەر قانداق چاغدال دائىما ئاللاھنى زىكىر قىلاتتى.[34]**

## ئۆمىتىگە بولغان كۆيۈم–شەپقىتى

**مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم كىشىلەرگە نامازنى قىسقا ئوقۇپ بېرەتتى؛ ئۆزى يالغۇز ئوقۇسا ئۇزۇن ئوقۇيتتى.[35] كىشىلەرگە (ئىمام بولسا) مۇكەممەل ھالدا يەڭگىل ناماز ئوقۇپ بېرەتتى.[36] كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغۇچىلارنى نامازنى ئۇزارتىۋەتمەسلىككە بۇيرۇيتتى. جامائەتكە ئىمام**

---

[31] سەھىھۇل بۇخارى، 4913 ـ ھەدىس؛ سەھىھۇل مۇسلىم، 1479 ـ ھەدىس

[32] ئەھمەد فەرىد: ۋەفاقات تەربەۋىييە مەئە ئەسسىيرەتىن نەبەۋىييە، 540 ـ بەت

[33] سەھىھۇل بۇخارى، 3097 ـ ھەدىس؛ سەھىھۇل مۇسلىم، 2973 ـ ھەدىس

[34] ئىبنى قەييىم: زادۇل مەئاد، زادۇل مەئاد 2\240

[35] ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا؛ ئەلبانى سەھىھۇل جامىئ، 4636 ـ ھەدىس

[36] سەھىھۇل مۇسلىم؛ مۇسلىم؛ تىرمىزى؛ نەسەئىي؛ 4637

بولۇپ ناماز ئوقۇۋاتقىنىدا بىرەر بوۋاق بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىسا، ئانىسىغا ئىچى ئاغرىپ نامىزىنى باشتا نىيەت قىلغىنىدىن قىسقا تۈگىتاتتى.[37]

مۇھەممەد ئۈممىتىگە بولغان كۆيۈم ـ شەپقىتى دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ھېچقانداق سۇسلاپ قالمايدىغان زاتتت بولۇپ، «ھەر پەيغەمبەرنىڭ (دەرھال قوبۇل قىلىنىدىغان) بىر دۇئاسى باردۇر. مەن بۇ دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمنى شاپائەت قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويدۇم» دېگەن ئىدى.[38]

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ مىسالىم بىلەن ئۈممىتىمنىڭ مىسال ئوت ياققان بىر كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئوتنىڭ يورۇقىنى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقاندا ھاشارەتلەر ئۇ ئوتنىڭ ئىچىگە چۈشۈشكە باشلايدۇ. ئوت ياققان كىشى ھاشارەتلەرنى ئوتقا چۈشمىسۇن ئۈلارنى شۇنچە توشسىمۇ، ھاشارەتلەر ئۇنىڭ توسۇشلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ئوتقا ئۆزىنى ئاتىدۇ. مېنىڭ مىسالىم بىلەن سىلەرنىڭ مىسالىڭلار دەل مۇشۇنداقتۇر. مەن سىلەرنىڭ ئوتقا چۈشۈپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن «ئوتتىن نېرى تۇر، ئوتتىن نېرى تۇر» دەپ، بېلىڭلاردىن تۇتۇۋالغان ھالەتتىمەن، ھالبۇكى (ھاشارەتلەر ئوتنى يورۇقلۇق ۋە ئىللىق ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىش خىيالىدا ئوت ياققان كىشىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنى ئوتقا ئاتقاندەك)، سىلەرمۇ مەندىن قۇتۇلۇپ، ئۆزۈڭلارنى ئوتقا ئاتىسىلەر.»[39]

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئاندا بايان قىلىنغان ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئوقۇدى:{ئەگەر سەن ئۇلارنى جازالىساڭ، ئۇلار سېنىڭ قۇللىرىڭدۇر. ئەگەر ئۇلارنى مەغفىرەت قىلساڭ، شۈبھىسىزكى، سەن ئەزىزسەن، ھەكىمسەن.} (5 ـ سۈرە مائىدە، 118 ـ ئايەت) ئاندىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ «ئى رەببىم! ئۈممىتىم، ئۈممىتىم» دېدى ۋە يىغلاپ كەتتى. ئاللاھ جىبرىل پەرىشتىگە «ئى جىبرىل، رەببىڭ ئەڭ ياخشى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ نېمىشقا يىغلىغىنى سورا» دەپ ئەمر قىلدى. جىبرىل پەرىشتە كېلىپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ ئەھۋالنى بايان قىلدى. جىبرىل پەرىشتە ئاللاھقا بايان قىلدى. ئاندىن ئاللاھ «ئى جىبرىل! مۇھەممەدكە بارغىن ۋە ‹شەكسىزكى ئۈممىتىڭ جەھەتتە بىز سېنى رازى قىلىمىز، سېنى نائۈمىد قىلمايمىز› دە» دەپ بۇيرۇدى.[40]

## نامىزى

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەنگە قەدەر ناماز ئوقۇدى. ئۇ زاتقا «سىلىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنغان تۇرۇقلۇق، سىلىگە بۇنچە كۆلپەت چېكىش نېمە كەپتۇ؟» دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «مەن شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمامدىم؟» دېدى.[41]

---

[37] سەھىھۇل بۇخارى

[38] سەھىھۇل بۇخارى، 6304 ـ ھەدىس

[39] سەھىھۇل مۇسلىم، 5916 ـ ھەدىس

[40] سەھىھۇل مۇسلىم، 498 ـ ھەدىس

[41] مۇزىرى: مۇختەسەر سەھىھ مۇسلىم، 1553 ـ ھەدىس

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ نامازدىكى قىيامىنىڭ، رۇكۇسىنىڭ ۋە سەجدىسىنىڭ مىقدارى بىر-بىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى.[42] كېچىدە ئويغىنىپ ئون ئۈچ رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.[43] كېچىلىك نامىزىدا نامىزىنىڭ بىر رەكئىتى سائەتلەرچە ئۇزايتتى.[44] پۇتلىرى ئىششىپ كەتكۈچە ناماز ئوقۇيتتى.[45] ناماز ئوقۇغاندا مەيدىسىدىن قازان قايىغىنىغادا چىقىدىغاندەك يىغا ئاۋازى كېلەتتى. رەسۇلۇللاھ كېچىلىك نامازنى شۇنچە ئۇزۇن ئوقۇغان ئىدىكى، ئۇ زاتقا ئىقتىدا قىلىپ يېنىدا ناماز ئوقۇغان كاتتا ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بەدراشلىق بىرەلمەي ئاقىۋەتتە رەسۇلۇللاھنى ئۆرە تۇرغان ھالدا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئولتۇرۇۋېلىشنى ئويلاپ كەتكەن ئىدى.[46] ناماز ئوقۇپ بولغان جايىدا بىر ھازا ئولتۇراتتى[47].

ۋاپاتىغا بىر يىل قالغاندىن باشلاپ (نەپلە) نامىزنى ئولتۇرۇپ ئوقۇدى.[48]

مىراج كېچىسى رەسۇلۇللاھقا ئۈچ نەرسە بېرىلدى: بەش ۋاقىت ناماز پەرز قىلىندى. بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايىتى بېرىلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتى ئارىسىدىن ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك قوشمىغان كىشىلەرنىڭ چوڭ گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىندى.[49]

## باللارغا تۇتقان مۇئامىلىسى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئەنسارلارنى يوقلايتتى، ئۇلارنىڭ باللىرىغا سالام قىلاتتى، باللارنىڭ بېشىنى سىلايتتى.[50] ناماز ئوقۇۋاتقاندا نەۋرىلىرى كېلىۋالسا، ئۇلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ ناماز ئوقۇيتتى.[51] (مۇسلىم 1212) باللارغا ئۇچرىسا ئۇلارغا سالام قىلاتتى، قولى بىلەن ئۇلارنىڭ مەڭزىنى بىر-بىرلەپ سىلاپ قوياتتى. بۇ چاغدا باللا رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدىن ناھايىتى تاتلىق پۇراق كېلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.[52] باللارغا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان شەكىلدە چاقچاق قىلىپ قوياتتى.

بىرەيلەن رەسۇلۇللاھنىڭ نەۋرىسى ھەسەننى سۆيگىنىنى كۆرۈپ، «مېنىڭ ئۈچ بالام بار، ئۇلاردىن ھېچقايسىنى سۆيۈپ باقمىدىم» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم «رەھىم-شەپقەتلىك بولمىغۇچىغا رەھىم-شەپقەت قىلىنمايدۇ» دېدى.[53]

---

[42] سەھىھۇل مۇسلىم، 1058-ھەدىس

[43] سەھىھۇل مۇسلىم، 1800-ھەدىس

[44] سەھىھۇل مۇسلىم، 1811-ھەدىس

[45] سەھىھۇل مۇسلىم، 923-ھەدىس

[46] سەھىھۇل مۇسلىم، 1812-ھەدىس

[47] سەھىھۇل مۇسلىم، 1061-ھەدىس

[48] سەھىھۇل مۇسلىم، 1709-ھەدىس

[49] سەھىھۇل مۇسلىم، 430-ھەدىس

[50] سۇنەن نەسەئىي؛ ئەلبانى: سەھىھ جامىئۇس سەغىر، 4947-ھەدىس

[51] سەھىھۇل مۇسلىم، 1212-ھەدىس

[52] سەھىھۇل مۇسلىم، 6006-ھەدىس، مۇختەسەر سەھىھ مۇسلىم 1576

[53] سەھىھۇل بۇخارى 5997؛ مۇختەسەر سەھىھ مۇسلىم 1585

جىھادى

مەشھۇر ئىسلام ئالىمى ئىمام ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن:

ئاللاھ يولىدا قەلبى بىلەن، دەۋەت قىلىش ۋە ھەقىقەتنى بايان قىلىش بىلەن، قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن ھەر ئەھۋالغا يارىشا ئەڭ يۇقىرى چەكتە جىھاد قىلاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنىڭ ھەر سائىتى قەلبى بىلەن، تىلى بىلەن ۋە قولى بىلەن قىلىنغان جىھادلار بىلەن تولغان ئىدى. بۇ سەۋەبلىك، ئالەمدە ئىسمى ئەڭ چوڭ ياد قىلىنىدىغان، ئەڭ ئۈستۈن ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدى ئەڭ شەرەپلىك زات مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدۇر.[54]

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم يىگىرمە يەتتە قېتىم غازاتقا تەشكىللىگەن. بەدىر غازىتى، ئۇھۇد غازىتى، مۇرەيسى غازىتى، خەندەك غازىتى، قۇرەيزە غازىتى، خەيبەر غازىتى ۋە مەككە فەتھى، ھۇنەين غازىتى، غابە غازىتى قاتارلىق توققۇز غازاتقا ئۆزى بىۋاستە قاتناشتى.[55]

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم جەڭدە دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت كىيەتتى، قىلىچ، نەيزە ۋە ئەرەپ ئوقياسى، شۇنداقلا قالقان ئىشلىتەتتى. جەڭ مەيدانىدا (دۈشمەننىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن) چوڭچىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.[56] رەسۇلۇللاھنىڭ قىلىچىنىڭ ئىسمى زۇلپىقار بولۇپ، بەدىر جېڭىدە قۇرەيشتىن غەنىيمەت ئالغان ئىدى.

## جەڭدە ياكى جىھاد سەپەرلىرىدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى چەكلەيتتى

جەڭدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنى ۋە دۈشمەن تەرەپتىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرگە زۇلۇم قىلىشنى چەكلەيتتى. «بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغۇچى بىزدىن ئەمەس» دەيتتى.[57]

بۇ ھەقتە مۇنداق بىر سەھىھ ۋەقەلىك مەۋجۇت:

ئەنسارى ساھابىلەردىن بىرى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلەن بىرلىكتە بىر سەپەرگە چىقتۇق. كىشىلەر سەپەر جەريانىدا ناھايىتى ئېغىرچىلىق تارتتى. بۇ تەرىقىدە ئالدىغا بىر توپ تۆگە ئۇچرىدى ۋە تۆگىلەرنى ھەيدەپ ماڭدى. (تۆگىلەرنى سويۇپ، قازانغا سالدۇق.) قازانلىرىمىز قايناۋاتقان ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئوقياسىنى ھاسا شەكلىدە ئىشلىتىپ يېنىمىزغا كەلدى. تۆگە گۆشى قايناۋاتقان قازانلىرىمىزنى ياي بىلەن نوقۇپ دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى. ئاندىن تۆگىنىڭ گۆشىنى توپىغا مىلەشكە باشلىدى.

---

54 ئىبنى قەييىم: زادۇل مەئاد، 2\327

55 ئىبنۇل جەۋزى: سىفاتۇس سەفۋا، 88 ـ بەت

56 ئىبنى قەييىم: زادۇل مەئاد، 2\413

57 مۇسنەد ئەھمەد 3\140؛ تىرمىزى 1601؛ ئەبۇ داۋۇد 4391

ئاندىن«بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان مالنى يېيىش ئۆلۈكنىڭ تاپىنى يېگەندىن هالالراق (ياخشىراق) ئەمەس» دېدى.[58]

### ئەسىرلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى

جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن بەزىسىنى هېچقانداق شەرتسىز قويۇپ بېرەتتى، (مۇسۇلمانغا تالاپەت سالغان) بەزى ئەسىرلەرنى ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلاتتى، بەزى ئەسىرلەرنى دۈشمەنىنىڭ قولىدا قالغان مۇسۇلمان ئەسىرلەر بىلەن تېگىشەتتى. بۇلارنىڭ هەممىسىنى مۇسۇلمانلارغا ۋە دىنغا بولغان مەنپەئەت سەۋەبلىك قىلاتتى.[59]

مۇشرىكلارنىڭ قۇللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا قېچىپ كېلىپ ئىسلامغا كىرسە، رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمان بولغان بۇ قۇللارنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلاتتى.[60]

### پەرزەنتلىرى

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈچ ئوغۇل، تۆت قىز پەرزەنتى بولغان بولۇپ، مەشھۇر ئىسلام ئالىمى ئىمام نەۋەۋى بۇ هەقتە مۇنداق دېگەن:

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈچ ئوغۇل پەرزەنتى بولغان.

چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى قاسىم ئىدى. قاسىم رەسۇلۇللاھقا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئىلگىرى تۇغۇلغان بولۇپ، ئىككى يېشىدا ۋاپات بولغان. ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ ئىدى. تەييىب ياكى تاهىر دەپمۇ ئاتالغان. رەسۇلۇللاھقا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئاۋۋال ۋاپات بولغان. ئۈچىنچى ئوغلى ئىبراهىم بولۇپ، هىجرەتنىڭ 8 ـ يىلى مەدىنىدە دۇنياغا كەلگەن. هىجرەتنىڭ 10 ـ يىلى تەخمىنەن يىگىرمە ئايلىق بولغاندا ۋاپات بولغان.[61]

رەسۇلۇللاھنىڭ تۆت قىز پەرزەنتى بولغان.

چوڭ قىزىنىڭ ئىسمى زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنها)، ئىككىنچى قىزىنىڭ ئىسمى فاتىمە (رەزىيەللاھۇ ئەنها). فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنها ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇغا ياتلىق بولغان. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنها هەسەن ۋە هۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمالارنىڭ ئانىسىدۇر. ئۈچىنچى قىزى رۇقىيە (رەزىيەللاھۇ ئەنها). رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنها پەزىلەتلىك ساھابە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنهۇغا ياتلىق بولغان بولۇپ، كېسەل سەۋەبلىك هىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى بەدىر غازىتى كۈنى ۋاپات بولغان. تۆتىنچى قىزى ئۇممۇ كۈلسۈمدۇر (رەزىيەللاھۇ ئەنها). رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنها بىلەن ئۇممۇ كۈلسۈم رەزىيەللاھۇ ئەنها ئىككىلىسى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنهۇغا ياتلىق بولغان. ئۇممۇ كۈلسۈم هىجرەتنىڭ 9 ـ يىلى شەئبان ئېيىدا ۋاپات بولغان.

---

[58] ئەبۇ داۋۇد 2705؛ زادۇل مەئاد 2\418

[59] زادۇل مەئاد، 2\421

[60] ئەبۇ داۋۇد 2700؛ تىرمىزى 3716؛ مۇسنەد ئەهمەد 1\224

[61] تەهزىبۇل ئەسما ۋەللۇغەت 1\26

رەسۇلۇللاھنىڭ پەرزەنتلىرىنى چوڭدىن كىچىككە تەرتىپكە تىزغاندا مۇنداق: قاسىم، زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممۇ كۇلسۇم، فاتىمە. فاتىمەنىڭ ئۇممۇ كۇلسۇمدىن چوڭ ئىكەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنغان. ئىبراھىمدىن باشقا بارلىق پەرزەنتلىرى خەدىچە ئانىمىزدىن دۇنياغا كەلگەن. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا بارلىق پەرزەنتلىرى رەسۇلۇللاھتىن ئىلگىرى ۋاپات تاپقا. ئەڭ سەھىھ رىۋايەتكە ئاساسلانغان، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن ۋاپات بولغان.[62]

## پاكىزلىقى

مىقداد ئىبنى شۇرەيھ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان:«ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ‹پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە كىرىپ تۇنجى قىلىدىغان ئىشى قايسى ئىدى؟› دەپ سورىدىم. ئائىشە ئانىمىز ‹چىشىنى مىسۋاكلايتتى› دېدى.»[63]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئۇيقۇدىن تۇرغاندا چىشىنى مۇكەممەل ھالەتتە مىسۋاكلايتتى.[64]

ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئورنىدىن تۇرسا، ئاغزىنى مىسۋاكلايتتى.[65] ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇ زات ئاغزىنى مىسۋاكلاۋاتقان ئىكەن. مىسۋاكنىڭ ئۇچى ئۇ زاتنىڭ تىلىدا بولۇپ، چىشىنى مىسۋاكداۋاتقاندا ‹ئائائائا› دەيتتى.[66]

ئىبنى شۇرەيھنىڭ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىزدىن «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە كىرسە ئىشنى ئەڭ ئاۋۋال نېمىدىن باشلايتتى؟» دەپ سىرىۋىدىم «چىشىنى مىسۋاكلاش بىلەن» دەپ جاۋاب بەردى.[67]

## ئاياللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىمىزدىن مۇنداق بايان قىلىنغان: ئائىشە ئانىمىز ھەيزدار ھالەتتە بىر چىنىدىن سۇ ئىچەتتى، رەسۇلۇللاھمۇ شۇ چىنىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئائىشە ئانىمىزنىڭ ئاغزى تەگكەن يەرگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ سۇ ئىچەتتى.[68]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خىزمەتچىسىنى ياكى ئاياللىرىنى قەتئىي ئۇرۇپ باقمىغان.»[69]

---

[62] تەھزىبۇل ئەسما ۋەللۇغەت 1\26

[63] سەھىھۇل مۇسلىم، 235-ھەدىس

[64] سەھىھۇل بۇخارى 245؛ سەھىھۇل مۇسلىم 255

[65] سەھىھۇل مۇسلىم، 255 - ھەدىس؛ نەسائىي، 1621-ھەدىس

[66] ئىبنى ماجە 2536؛ ئەلبانى ھەسەن دېگەن

[67] سۇنەن نەسائىي، 8-ھەدىس؛ سۇنەن ئەبۇ داۋۇد، 51-ھەدىس؛ ئەلبانى سەھىھ دېگەن

[68] سەھىھۇل مۇسلىم، 300-ھەدىس

[69] سۇنەن ئەبۇ داۋۇد، 4786:-ھەدىس

سەفىيە بىتنى ھۇيەي دېگەن ئايالى تۆگىگە مىنىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ تىزىغا دەسسەپ چىقىپ مىنگەن.[70]

## جاھىلغا تۆتىدىغان مۇئامىلىسى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم قوپاللىقا قوپاللىق بىلەن، جاھىللىقا جاھىللىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىگە قىلىنغان قوپاللىق ۋە جاھىللىقلارغا يۇمشاقلىق بىلەن گۈزەل رەۋىشتە ئىنكاس قايتۇراتتى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (بىر كۈنى) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتىم. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈچىسىدا قىرلىرى قوپال توقۇلغان، نەجران رەختىدىن تىكىلگەن كىيىم بار ئىدى. چۆلدە ياشايدىغان ئەرەپتىن بىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە يېتىشىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ رىداسىنى بەكمۇ قوپاللىق بىلەن كۈچە تارتتىكى، ئاقىۋەتتە كىيىمىنىڭ قاتتىق تارتقىلغانلىقى سەۋەبلىك رەسۇلۇللاھنىڭ كىيىمىنىڭ ياقىسى ئۇ زاتنىڭ بويىنىنى سىرىۋەتتى. چۆلدە ياشايدىغان ئەرەپ «ئى مۇھەممەد، يېنىڭدىكى ئاللاھنىڭ مېلىدىن ماڭا مەلۇم مىقداردا بېرىلىشكە بۇيرۇغىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ باشتا ئۇنىڭغا قارىدى، ئاندىن كۈلۈمسىرىدى. ئاقىۋەتتە ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىلىشنى بۇيرۇدى.[71]

## تارتقان بەزى ئەزىيەتلىرى

ئوھۇد ئۇرۇشىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېزىق چىشى تۆكۈلگەن، بېشى يېرىلغان ئىدى.[72]

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ (كەبىنىڭ ئالدىدا) ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئەتراپىدا باشقا كىشىلەر بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ نامازنىڭ سەجدىسىگە بارغاندا ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيت دېگەن كاپىر تۇغقان تۆگىنىڭ ھەمرىيىنى رەسۇلۇللاھنىڭ دۈمبىسىگە قويۇپ قويدى. رەسۇلۇللاھ بېشىنى سەجدىدىن مىدىراتمىدى. (رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى) فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېلىپ تۆگىنىڭ ھەمرىيىنى رەسۇلۇللاھنىڭ دۈمبىسىدىن ئېلىۋەتتى ۋە بۇنى قىلغۇچىغا بەددۇئا قىلدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم «ئى رەببىم! قۇرەيشنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى — ئەبۇ جەھل ئىبنى ھىشامنى، ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنى، شەيبە ئىبنى رەبىئەنى ۋە ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنى ساڭا ھاۋالە قىلىمەن» دەپ دۇئا قىلدى. (ساھابە ئابدۇللاھ داۋاملاشتۇرۇپ شۇنداق دەيدۇ:) بەدر كۈنى رەسۇلۇللاھ بەددۇئا قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇبەي ئىبنى خەلەپتىن باشقا ھەممىسىنىڭ جەسىدى قۇدۇققا تاشلانغان ئىدى. ئۇبەي ئىبنى خەلەفنىڭ \ ياكى ئۇمەييە ئىبنى خەلەپنىڭ  بەدەنلىرى تىنتما كاتاڭ بولۇپ كەتكەنلىكتىن قۇدۇققا تاشلانمىدى.[73]

## بەزى تۇرمۇش ئادەتلىرى

[70] سەھىھۇل بۇخارى 4211 ـ ھەدىس؛ فەتھۇل بارى 8\264

[71] بۇخارى ۋە مۇسلىم

[72] رەسۇلۇللاھنىڭ خىسلەتلىرى، 69 ـ بەت

[73] سەھىھۇل بۇخارى، 3857 ـ ھەدىس

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىزدىن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئاخشىمى بالدۇر ئۇخلايتتى. كېچىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇراتتى.(تەھەججۇت نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ) تۆشەككە قايتاتتى. مۇئەززىن ئەزان توۋلىغاندا تۇرۇپ كېتەتتى. ناۋادا غۇسلىغا ئېھتىياجلىق بولسا غۇسل قىلاتتى. بولمىسا، تاھارەت ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى.[74] ھاجەت سۇندۇرماقچى بولسا يىراقلارغا ئۇزاپ كېتەتتى.[75]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز مۇنداق دېگەن:«پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم جۇنۇبلۇقتىن پاكلىنىش ئۈچۈن غۇسل قىلماقچى بولسا ئاۋۋال قوللىرىنى يۇياتتى. ئاندىن ئوڭ قولى بىلەن سول قولىغا سۇ تۆكۈپ ئەۋرىتىنى يۇياتتى. ئاندىن، نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالاتتى.»[76] كۆرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە يىراقلاشمىغۇچە ھاجەت قىلىش ئۈچۈن ئولتۇرمايتتى.»[77] ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:«پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ھاجەتخانىدىن چىققاندا ‹ «غۇفرانەك» (سەندىن مەغفىرەت تىلەيمەن) › دەيتتى.»[78] ھاجەت قىلماقچى بولسا، يەرگە يېقىنلاشمىغۇچە كىيىمىنى كۆتۈرمەيتتى.[79]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئايىغىنى كىيىش، چاچ تاراش، تاھارەت ئېلىش، جۈملىدىن پۈتۈن ئىشلىرىنى ئوڭدىن باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى.[80]

سەپەر قىلسا، پېشىن بىلەن ئەسرىنى، شام بىلەن خۇپتەننى جۈپلەپ ئوقۇيتتى.[81]

## باشقا خىسلەتلىرى

يامانلىقتا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرماستىن، ئۆزىگە قىلىنغان يامانلىقنى كەچۈرۈۋېتەتتى.[82] ئىككى ئىش ئارىسىدا تاللاشقا دۇچ كەلسە، گۇناھ بولمىسىلا ئاسىنىنى تاللايتتى.[83] بىر پالاكەتتىن قۇتۇلسا، ياكى خۇشاللىنارلىق بىر ھادىسە ئۇتتۇرىغا چىقسا ئاللاھقا شۈكۈر سەجدىسى قىلاتتى.[84]

---

[74] سەھىھۇل مۇسلىم

[75] ئەلبانى سىلسىلەتىس سەھىھە 3ـ149؛ سەھىھ؛ ۋادىئى ـ سەھىھ مۇسنەد ئەھمەد 920

[76] سەھىھۇل مۇسلىم، 316ـ ھەدىس

[77] ئەبۇ داۋۇد 2؛ ئىبنى ماجە 355؛ لەۋزى ئىبنى ماجەنىڭ؛ ئىسنادى سەھىھ؛ سەھىھ ئىبنى ماجە 1ـ160

[78] ئەبۇ داۋۇد 17؛ تىرمىزى 7؛ تىرمىزى ‹ھەسەن غەرىب› دېگەن؛ ئەلبانى سەھىھۇل جامىئ 4707ـ دە ‹ھەسەن› دېگەن

[79] ئەبۇ داۋۇد 14؛ تىرمىزى 14؛ ئەلبانى سەھىھۇل جامىئ 4652ـ دە ‹سەھىھ› دېگەن

[80] بۇخارى 168؛ مۇسلىم 26

[81] ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام بۇخارى توپلىغان. ئەلبانى سەھىھۇل جامىئ 4917

[82] شامائىل تىرمىزى، 191

[83] شامائىل تىرمىزى 193؛ بۇخارى ۋە مۇسلىم نەقىل قىلغان

[84] زادۇل مەئاد 1\292

**ساھابىلىرىگە ھەر كۈنى ۋەز ـ نەسىھەت قىلمايتتى. ساھابىلەرنىڭ زېرىكىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەپتىنىڭ بەزى كۈنلىرى ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى.[85] ئالدىراپ سۆزلىمەيتتى. سۆز قىلسا ئوچۇق، چۈشىنىشلىك قىلىپ دانە ـ دانە سۆزلەيتتى. سۆزىنى ئاڭلىغۇچى كىشى ئەگەر سۆزلىرىنى سانىۋالماقچى بولسا سانىۋالالايتتى.[86] سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بىلەن سۆز قىلاتتى. قوپال، سەت، كىشىنى خىجىل قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلمايتتى. ۋارقىراپ، قىزىرىپ تۇرۇپ گەپ قىلمايتتى.[87] «كىم ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان بولسا، سۆزلىسە ياخشى سۆز قىلسۇن، بولمىسا سۈكۈت قىلسۇن»دەيتتى.[88]ساھابىلەرنىڭ ناچار سۆزلەرنى قىلىشنى چەكلەيتتى.[89]**

**ھەتتا بەيئەت ئالغان ۋاقىتتىمۇ ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيتتى.[90] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولى يات ئاياللارنىڭ قولىغا ئەسلا تېگىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ زات ئاياللاردىن پەقەت ئاغزاكى بەيئەت ئالاتتى.»[91]**

**قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندا ھەر ئايەتتە توختاپ، ئالدىرىماستىن، تەمكىنلىك بىلەن تىلاۋەت قىلاتتى.[92]**

**ئائىلىدە ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقاتتى.[93]**

**نالايىق ئىسمى بار كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ياخشى، ئۇيغۇن ئىسمغا ئۆزگەرتىۋېتەتتى.[94]**

**ئالدىغا يېمەك ـ ئىچمەك كەلتۈرۈلسە ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ (يەنى سەدىقىمۇ ياكى ھەدىيەمۇ بىلمەي تۇرۇپ) يېمەيتتى.[95] تاماقتىن قۇسۇر تاپمايتتى. كۆڭلى تارتسا يەيتتى، تارتمىسا قويۇپ قوياتتى.[96] ھەر قانداق ئىبادەتنى تاشلاپ قويماي ئىزچىل قىلاتتى.[97] رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى**

---

[85] سەھىھۇل بۇخارى 70؛ مۇختەسەر سەھىھ مۇسلىم 1590

[86] سەھىھۇل بۇخارى 3567؛ مۇختەسەر سەھىھ مۇسلىم 1589

[87] زادۇل مەئاد

[88] سەھىھۇل مۇسلىم

[89] زادۇل مەئاد

[90] سەھىھۇل مۇسلىم، 4811 ـ ھەدىس

[91] بۇخارى 4891، مۇسلىم 1866، ئەبۇ داۋۇد 2941، ئىبنى ماجە 2875 ۋە ئىمام ئەھمەد ‹270\6›

[92] زادۇل مەئاد 274\1

[93] مۇھەممەد جەمىل زەينۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ۋە خىسلەتلىرى، 57 ـ بەت؛ جامىئۇت تىرمىزى

[94] زادۇل مەئاد، 216\2

[95] سەھىھۇل مۇسلىم، 5010 ـ ھەدىس

[96] سەھىھۇل بۇخارى، 3563 ـ ھەدىس

[97] سەھىھۇل مۇسلىم 783 ـ ھەدىس؛ ئەبۇ داۋۇد، 1370 ـ ھەدىس

ۋەسسەللەم ئاللاھنى زىكىر قىلىش جەھەتتە مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى ئىدى. ھەر دائىم، ھەر ھالەتتە ئاللاھنى زىكىر قىلاتتى.[98]

## ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان ھۆرمىتى

ساتىراچ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك چېچىنى قىسقارتقاندا ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ چېچىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قوللىرىنى يېيىپ تۇرۇشاتتى. رەسۇلۇللاھ تاماقتا قولىنى ئۇزاتمىغۇچە، ساھابىلەر قولىنى ئۇزاتمايتتى. (مۇسلىم 5227: مۇسلىم شەرھى 9\145) ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، رەسۇلۇللاھنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقى تۈپەيلىدىن، رەسۇلۇللاھ كىرىپ كەلسە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشمايتتى، ئولتۇرغان جايىدا ئولتۇرىشىۋېرەتتى.[99] ئەگەر رەسۇلۇللاھ رۇخسەت قىلغان ياكى ياقتۇرغان بولسا، رەسۇلۇللاھ كىرىپ كەلسە دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان بولاتتى.

## يەھۇدى ئايال تەرىپىدىن زەھەرلەنگەنلىكى

خەيبەر فەتھ قىلىنغان كۈنى، يەھۇدىلاردىن سەللام ئىبنى مىشكەمنىڭ ئايالى زەينەپ بىنتى خارىس رەسۇلۇللاھقا قىزارتىپ پىشۇرۇلغان بىر قوي ھەدىيە قىلدى. زەينەپ قوينى ھەدىيە قىلىشتىن ئاۋۋال رەسۇلۇللاھنىڭ قوينىڭ قايسى قىسمىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى مۇسۇلمانلاردىن سوراپ بىلىۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ قوينىڭ ئالدى پۇتىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قوينىڭ ئالدى پۇتىغا مول مىقداردا زەھەر سالدى. ئاندىن كاۋاپ قىلىنغان قوينى رەسۇلۇللاھقا ھەدىيە قىلىپ ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ قوينىڭ ئالدى قولىنى بىر چىشلەپ گۆشنى يۇلۇپ ئېلىپ چاينىدى، بىراق يۇتماستىن تۈكۈرۈۋەتتى. بىشر ئىبنى بەررا ئىسىملىك ساھابە رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بۇ قويغا ئېغىز تەگكەن بولۇپ، زەھەرلىك قوي گۆشىدىن بىر يۇتۇم يۇتۇۋەتتى. بىشر ئىبنى بەررا نەچچە كۈنلەردىن كېيىن مۇشۇ زەھەرلىك گۆشنى يېگەنلىك سەۋەبلىك ئۆلۈپ كەتتى.

ئىمام بەيھەقى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ھەقتە نەقىل قىلغان ھەدىستە مۇنداق بايانلار مەۋجۇت: رەسۇلۇللاھ گۆشتىن بىر چىشلەپ، ساھابىلىرىگە گۆشتىن ئۇزاق تۇرۇڭلار، بۇ زەھەرلەنگەن گۆش ئىكەن دېدى. ئاندىن، ئۆزىگە بۇ قوي گۆشىنى ھەدىيە قىلغان زەينەپ دېگەن يەھۇدىيغا «سېنىڭ بۇنداق قىلىشىڭغا سەۋەب بولغان نەرسە نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، زەينەپ «ئەگەر سەن پەيغەمبەر بولساڭ ئاللاھ سېنى بۇنىڭدىن خەۋەردار قىلىدۇ. ئەگەر يالغانچى بولساڭ، بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار سەندىن قۇتۇلىدۇ» دېدى. نەتىجىدە بۇ ئايال مۇسۇلمان بولدى، رەسۇلۇللاھ بۇ ئايالنى جازالىمىدى. ئىمام بەيھەقى دەيدۇكى: رەسۇلۇللاھ باشتا ئۇنى جازالىماي قويۇپ بەردى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايتتى.

---

[98] زادۇل مەئاد، 1\314

[99] سەھىھۇل بۇخارى

**كېيىن بىشر ئىبنى بەررا زەھەرلىك گۆش سەۋەبلىك ۋاپات بولدى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ بىشىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن بۇ ئايالنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان.**[100]

## خاتىمە

**مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئىنسان بالىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك بارچە گۈزەل خىسلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئاللاھ ئۇ زاتنى ئەڭ ئۈستۈن ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىگەن ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ گۈزەل خىسلەتلىرى بارىسىدا پەقەت ۋەپەقەت دېڭىزدىن تامچىدۇر، خالاس. ژۇرنال سەھىپىسىنىڭ چەكلىملىكى تۈپەيلىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ باشقا كۆپلىگەن خىسلەتلىرىگە مەزكۇر ماقالىدا ئورۇن بېرىشتىن ئاجىز كەلدۇق. بۇ بۈيۈك پەيغەمبەرنىڭ گۈزەل خىسلەتلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئىنسان بالىسىنى ئىككى دۇنيادا بەختلىك قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن ئىكەنلىكىنى ئەزىز ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ سەمىگە سالىمىز.**

---

[100] فەتھۇلبارى، 8\287



# رېماتىزملىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش قوللانمىسى

# رېماتىزملىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش قوللانمىسى

دوكتور ئۈمىد ئاقتاش

رېماتىزم بىمارلىرى بىرىنچى بولۇپ ئوزۇقلۇقنى تەڭشىشى كېرەك. ۋىتامىن D بىلەن رېماتىزمنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ماقالىمىدە تەپسىلىي چۈشەندۈرگىنىمدەك، رېماتىزم بىمارلىرى ئەڭ ئاۋۋال تەركىبىدە ۋىتامىن D مول يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ گلۇتېن (gluten) ۋە تېز ئېرىيدىغان ئېچىتقۇدىن يىراق تۇرۇشى، ھەمدە چوقۇم تەركىبىدە پروبىيوتىك بار (Probiotic —— تەركىبىدە كىشىنى ساغلاملاشتۇرىدىغان پايدىلىق باكتېرىيە بولغان) يېمەكلىكلەرنى يېيىشى كېرەك. خۇددى دىيابىت كېسلى بىمارلىرىغا ئوخشاشلا، ئۇ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ھەرقانداق يېمەكلىكلەرنى ھاياتىدىن سىقىپ چىقىرىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، رېماتىزم كېسەللىكلىرىدە ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇئەييەن داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك. بۇنى خىمىيەلىك دورىلار بىلەن روياپقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتە، ئوزون بىلەن داۋالاش ۋە ئۆسمۈلۈك بىلەن داۋالاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل داۋالاش ئۇسۇلى ئىنتايىن مۇھىم. ئوزون بىلەن داۋالاش ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى تەڭشەيدىغان داۋالاش ئۇسۇلىدۇر. ئۇ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان بولغاچقا، رېماتىزم كېسەللىكلىرىدىكى زىيادە ئىممۇنىتېت سىستېمىسى ئىنكاسىنى نورماللاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئوزون بىلەن داۋالاشنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ پۈتۈن بەدەندىكى قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق قاندىكى ئوكسىگېن سەۋىيەسىنى ئاشۇرىدۇ. شۇ تەرزدە، ئۇ يەنە رېماتىزم بوغۇملاردا كەلتۈرۈپ چىقارغان زەخىملەرنىمۇ داۋالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆسمۈلۈك بىلەن داۋالاش بولسا كىشىلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم ئۇسۇلدا تەدبىقلاشنى ھەمدە رېماتىزمغا قارشى ئۈنۈملۈك ئۆسمۈلۈكلەرنى توغرا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، رېماتىزم بىمارلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن فىزىكىلىق داۋالاش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش زۆرۈردۇر. بىمارلار بۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر لايىھەلىگەن ۋە بىمارنىڭ ئېھتىياجى نەزەردە تۇتۇلغان فىزىكىلىق داۋالاشنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. رېماتىزم بىمارلىرى ھەرگىز ئۇزۇن مۇددەت جىم تۇرۇپ قالسا بولمايدۇ، بولمىسا بوغۇم توقۇلمىلىرى قېتىپ كېتىدۇ.

### سوزۇلما كېسەللىكلەرنى داۋالاش سەۋر تەلەپ قىلىدۇ

ئۆز تەجرىبىلىرىمگە ئاساسەن، كۆپ يىل رېماتىزىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، ئەمما دورا ئىشلەتمىگەن كىشىلەرنى داۋالاش تېخىمۇ ئاسان دېيەلەيمەن. لېكىن، بىمارغا يېڭى دىياگنوز قويۇلغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر (خىمىيەلىك) دورا ئىشلىتىلگەن بولسا، بۇنداق بىمارنى داۋالاش بەكلا تەسكە توختايدۇ. چۈنكى، دورىلار بىمارنىڭ داۋالاشقا ئىنكاس قايتۇرۇشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سەل ئۇزۇن ۋاقىت كەتكەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ كېسىلىنى يەنىلا داۋالىغىلى بولىدۇ. بىمارلار يېمەك ـ ئىچمىكىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئوزۇن ۋە ئۆسۈملۈك بىلەن داۋالاشنىڭ شارائىتىدە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر يىلدا داۋالاشنىڭ ئىجابىي نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

بۇ جەھەتتە ئەڭ مۇھىم ئامىل سەۋردۇر. بارلىق سوزۇلما كېسەللىكلەر سەۋرچانلىق تەلەپ قىلىدۇ، يەنى داۋالاشنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆسۈملۈك ئىلمىدە، يەنى ئۆسۈملۈك بىلەن داۋالاشتا «تېز ئۈنۈم» دەيدىغان ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس. خىمىيەلىك دورىلار بەدەنگە قايسى رەۋىشتە تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بېشىڭىز ئاغرىسا، ئاغرىق توختىتىش دورىسى ئىستېمال قىلسىڭىزلا ئاغرىق توختايدۇ. گەرچە بۇ تېز ئۈنۈملۈك چارە بولسىمۇ، ئەمما سىز ئىستېمال قىلغان بۇ خىل دورىلار مەسىلىنى يىلتىزىدىن ھەل قىلالمىغاچقا، پەقەت ۋاقىتلىق چارە بولالايدۇ. چۈنكى، خىمىيەلىك دورىلار كېسەلنى داۋالىيالمايدۇ، پەقەت كېسەللىك ئالامەتلىرىنى بىر مەزگىل باستۇرىدۇ، خالاس.

## رېماتىزىمنى داۋالاشتا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۈچى

ھالبۇكى، ئۆسۈملۈك دورىلىرى ئۇنداق ئەمەس. دۇنيانىڭ ھېچيېرىدە بېشىڭىز ئاغرىغاندا ئاغرىقنى دەرھال پەسەيتىدىغان ئۆسۈملۈك تاپالمايسىز. ئۆسۈملۈك دورىلىرى خېلى ئۇزۇن مۇددەتتە ئاندىن ئۈنۈمىنى كۆرسەتسىمۇ، ئەمما كېسەلنى يىلتىزىدىن داۋالايدۇ. بۇ (يەنى دورىلارنىڭ كېسەلنى يىلتىزىدىن داۋالىيالايدىغان ـ داۋالىيالمايدىغانلىقى) ئىنتايىن مۇھىم بىر نۇقتىدۇر. ئۆسۈملۈك دورىلىرى بىلەن داۋالانغان كېسەللىكلەر سەۋر تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما بۇ جەريان ئاخىرلاشقاندا، كېسەل سەللىمازا ساقىيىپ، دورا ئىشلىتىشتىن تولۇق قۇتۇلىسىز.

ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى تەنقىدلەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ بەدەنگە زىيان سالىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر بۆلۈك ئىنسانلار بار. ئالدى بىلەن، ئۆسۈملۈكلەرنى توغرا ئىشلىتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۇنى دوختۇرنىڭ نازارىتىدە ئىشلىتىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، قايسى ئۆسۈملۈكنى ئىشلىتىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك. «سەكسەن خالتا» (دورىپۇرۇش)دىن ئېلىنغان ئو.چۇق قويۇلغان ئۆسۈملۈك ۋە مۇند.اقلا تەييارلاپ قويۇلغان ئۆسۈملۈك ئارىلاشمىلىرى بىلەن كېسەل داۋالىغىلى بولمايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ زىيىنى خىمىيەلىك دورىلارنىڭكىگە يېقىنمۇ كېلەلمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلىمۇ ئېنىق. مەسىلەن، دۇنيادىكى جىگەر زەئىپلىشىش كېسىلىنىڭ 99 پىرسەنتى خىمىيەلىك دورىلاردىن مەنبەلىنىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە، كلىنىكىلىق داۋالاش جىگەر كۆچۈرۈشكىچە بارىدۇ. جىگەر زەئىپلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق ئامىلنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ پاراسېتامول


**(paracetamol). بۇ ماددا ھەركۈنى تاماقنىڭ ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ۋېرمىدون ۋە مىنوسېت قاتارلىق ئاغرىق توختىتىش دورىلىرىنىڭ ئاكتىپ تەركىبىدۇر. نۆۋەتتە پاراسېتامول دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ھەتتا بازارلاردا سېتىلماقتا. ئاددىي ئاغرىق پەسەيتكۈچى دەپ قارالغان پاراسېتامولمۇ جىگەر زەئىپلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۈرۈۈقلۇق، كىشىلەر يەنىلا تەپتارتماستىن ئۆسۈملۈك دورىلىرىنىڭ زىيىنى ھەققدە سۆزلەشكە جۈرئەت قىلىشماقتا.**

**كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆسۈملۈك سەۋەبىدىن جىگىرى كاردىن چىقىپ، ئېغىر كېسەللەر بۆلۈمىدە ياتقان بىمارلار بىلەن خىمىيەلىك دورىلار سەۋەبلىك دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان، ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلغان بىمارلارنىڭ سانىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى. نەتىجە ئوپئوچۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىمىيەلىك دورىلارنىڭ ئونلاپ، يۈزلەپ، ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ئەكس تەسىرلىرى بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.**

تۈركچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.umitaktas.com/makale/romatizmal-hastaliklari-iyilestirme-formulu/



# پۇتىننىڭ «مېڭىسى»

## ئالېكساندىر دۇگىن

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# «پۇتىننىڭ مېڭىسى» ئالېكساندىر دۇگىن ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

رۇسىيە باشچىلىقىدىكى يېڭى ياۋرو ـ ئاسىيا دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئالېكساندىر دۇگىن باشقىلار تەرىپىدىن «پۇتىننىڭ مېڭىسى ۋە ئەقلى» دەپ ئاتىلىۋاتقان بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇ ئالىي مەكتەپتە پروفېسسور، يازغۇچى ۋە داڭلىق پەيلاسوپ بولۇشتىن سىرت، يەنە پۇتىننى مەركەز قىلغان كرېملىن سارىيىدىكىلەرنىڭ خاس سىياسىي ۋە ھەربىي مۇشاۋىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە. ئۇ ھازىرقى زامان رۇسىيە تارىخىدىكى رۇس مىللەتچىلىكىنى ئاساس قىلغان يېڭى ياۋرو ـ ئاسىياچىلىق نەزەرىيەسىنى ياراتقۇچىلار ئىچىدىكى ئەڭ غوللۇق شەخس. كۆنىمىزدىكى ئۇكرائىنا ئۇرۇشىمۇ دەل مۇشۇ نەزەرىيەدىن كېلىپ چىققان بىر تراگېدىيە دەپ قارالماقتا.

1999 ـ يىلىدىن بۇيانقى چارەك ئەسىردە رۇسىيەنىڭ تاشقى ئىشلار سىياستىگە ئەڭ دىققەت قىلىنىۋاتقانلار چوقۇم بۇ كىشىنىڭ نامىنى چوقۇم ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ توققۇز خىل دۇنياۋى تىلدا تولىمۇ راۋان سۆزلىيەلەيدۇ ۋە يازالايدۇ. ئاپئاق چاچلىق ۋە بومبا ساقاللىق بۇ ئادەم پۇتىننىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادىنى رۇسىيەنىڭ بۇرۇنقى شانلىق دەۋرىنى تىرىلدۈرۈش ئىستىكى بىلەن تولدۇرۇۋەتكەن ئىدى. دۇگىننىڭ تەسىرى كرېملىن سارىيى ۋە رۇسىيە مىللىي مەجلىسىدىن تېخىمۇ ھالقىپ كەتكەن. ئۇ ھازىرقى زامان «رۇس مىللەتچىلىرى»نىڭ ئەڭ غوللۇق پېشۋالىرىدىن بىرى بولغاچقا، مىللەتچى ئېقىملار ئىچىدىكى تەسىرىمۇ خېلىلا چوڭقۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇگىن ئاكادېمىك بولغاچقا، رەقىبلىرىمۇ ئۇنىڭدىن قاتتىق تەپتارتىدۇ.

پۇتىننىڭ شالاڭ ئاق چاچلىق پەيلاسوپى، رۇسچە مىللىي مەنىۋىيەتنىڭ مەستانىسى، شۇنداقلا «ياۋرو ـ ئاسىيا ئىمپېرىيىسى» رامكىسى ئىچىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى (ئەمما كوممۇنىزمچە يول بىلەن ئەمەس) قىسمەن قايتا قۇرۇپ چىقىش سىياستىنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىدىغان ئالېكساندىر دۇگىن زادى كىم؟ ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئوي ـ پىكىرلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ ئۇ راستىنلا كرېملىن سارىيىنىڭ گېئوپولىتىك شاھمات تاختىسىدىكى شاھمۇ؟

## 1 . دۇگىننىڭ يېتىلىشى ۋە ئىلمىي ھاياتى:

ئالېكساندىر دۇگىن 1962 ـ يىلى 7 ـ يانۋار، موسكۋادا ئورۇس ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى KGB دا گېنېرال، ئانىسى دوختۇر ئىدى. دۇگىن ئۈچ ياش ۋاقتىدا دادىسى ئائىلىسىنى تاشلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دادىسى ئۇنى ئېسىل تۇرمۇش پاراۋانلىقى بىلەن تەمىنلەپ تۇرغاندىن سىرت، ئۇنىڭ بەزىدە سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان تۇرلۈك ئاۋارىچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ تۇرغان.

1979 ـ يىلى، ئالېكساندىر دۇگىن موسكۋا ئاۋىياتسىيە ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. بىراق ئۇ تېزلا ئۇچقۇچىلىقتىن ۋاز كېچىپ، پەلسەپە فاكۇلتېتىدا ئوقۇشنى قارار قىلىپ، پەلسەپە بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپلا قالماي، كېيىنچە جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە سىياسىي پەنلەردىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم كەسىپتە دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىش ھارپىسىدا، بولۇپمۇ 1980 ـ يىللاردا، دۇگىن ئۆزىنى ئۆكتىچى ۋە كوممۇنىزمغا قارشى ئېقىمدىكى كىشى دەپ قارىغان. كېيىنچە ئۇ يەنە يېلتسىننىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولغان خەلق قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ھامان دۇگىن ئالدى بىلەن ژۇرنالىست بولۇپ ئىشلىگەن. كوممۇنىزم يىمىرىلىشى بىلەنلا ئۇ سىياسىي ساھەگە قەدەم قويغان.

## 2 . دۇگىننىڭ سىياسىي ئىدىيەسى:

دۇگىن مول ھوسۇللۇق يازغۇچى بولۇپلا قالماي، يەنە موسكۋادىكى ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ئەڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق پروفېسسورى، ئۇ «جۇغراپىيەلىك سىياسەتنىڭ ئاساسى (1997)» ۋە «4 ـ سىياسىي نەزەرىيە (2009)» قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە پارچە مۇھىم كىتاب يازغان. بۇ بىر يۈرۈش مۇھىم كىتابلاردا ئۇنىڭ رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنى قايتىدىن قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيادا رۇس ئاتامانلىقنى قايتىدىن تىكلەش ئىدىيەسى ۋە بۇ نىشانغا يېتىشنىڭ ۋاستىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

دۇگىن موسكۋانىڭ گرۇزىيە، ئۇكرائىنانىڭ شەرقى ۋە قىرىم يېرىم ئارىلىدىن سىرت، يەنە بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىدىكى رۇسچە سۆزلىشىدىغان بارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنى كونترول قىلىش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. نۇرغۇن كۆزەتكۈچىلەر دۇگىننىڭ بۇ قارام تەشەببۇسنى رۇسىيەنىڭ 2014 ـ يىلى قىرىمنى يۇتۇۋېلىشى ۋە ھازىرقى ئۇكرائىنا تۇپرىقىدىكى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىدىكى تۈرتكىلىك ۋە يادرولۇق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ دەپ قارىماقتا. شۇ ۋەجىدىن پۇتىننىڭ ساقاللىق پەيلاسوپى رۇسىيە قىرىمنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇكرائىنالىقلارنى ئۆلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ جازا قارا تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالغاندى.

**3 . دۇگىنىنىڭ «ياۋرو ـ ئاسىيا تەسەۋۋۇرى»**

دۇگىن رۇسىيە تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ھازىرقى غەربتىكى لىبېرالىزم، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەنىڭ رۇس كۇلتۇرىغا ئىنتايىن يات ئىدىيەلەر ئىكەنلىكىنى، شۇڭلاشقا رۇسىيەنىڭ كۇلتۇر جەھەتتە ياۋروپاغا قارىغاندا ئاسىياغا بەكلا يېقىن ئىكەنلىكىنى قورقماي ئوتتۇرىغا قويالىغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھالاك بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مەزكۇر يېڭى ئىدىيەسى ئاساسىدا زامانىمىزدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسى بولغان «ياۋرو ـ ئاسىيا تەسەۋۋۇرى»نى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇ ھازىرغىچە غەربتە ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ شەرقىي چېتىدىن رۇسىيەنىڭ شەرقىدىكى ئۇرال تېغىغىچە سوزۇلغان جايلاردىن سىرت، ئۇكرائىنا، فىنلاندىيە ۋە بالتىق ئەللىرىنى قوشۇۋېلىپ، رۇس تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ تەۋەسىدە «ئەركىن ياۋرو ـ ئاسىيا ئىمپېرىيەسى» قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

دۇگىن ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىلمىي ئەسىرى بولغان «جۇغراپىيىلىك سىياسىينىڭ تۈپ ئاساسى (يەنى رۇسىيەنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي كەلگۈسى)» ناملىق كىتابىنى 1997 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇ مەزكۇر كىتابىدا يېڭى يۈز يىلدىكى «بۈيۈك ئويۇن»(1) پىلانىنى ئىنتايىن تەپسىلىي بايان قىلغان. ئۇ رۇسىيەنىڭ ئامېرىكىدىكى ۋاكالەتچىلىرىنى ئامېرىكادىكى رۇسپەرەس گۇرۇھلارنى زورايتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا ئىچىدىكى تۇرلۇك ئىرق، دىن ۋە مەزھەپ بۆلۈنۈشلىرىنى كۈرۈكلىشى كېرەك دەپ قارىغان. ئۇ يەنە پسىخولوگىيەلىك مەشغۇلات تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ھازىرقى ئەنگلىيەنىڭ يۈرەك كېسلى بولغان ئېرلاندىيە، شوتلاندىيە قاتارلىق جايلاردىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللاپ، پۈتۈن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ئېرلاندىيەدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىشكە ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تارىخىي پەرقنى تېخىمۇ قاتتىق مۇبالىغە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك دەپ قارىغان. بۇنىڭدىن سىرت، دۇگىن يەنە پۈتۈن غەربى ياۋروپا ئەللىرىنى رۇسىيەنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى، جۈملىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە يېمەكلىكلەر بىلەن قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق رۇسىيەگە ئاكتىپ يۈزلەندۇرۇش ۋە بېقىندۇرۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى» ئۆز ئىچىدىن ئاسانلا يىمىرىلىدۇ، دەپ قارىغان. بىراق ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، غەربىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكا دۇگىننىڭ بۇ تاكتىكىسىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشقا باشلىغان بولۇپ، 2023 ـ يىلدىكى قىشتىن قانداق سالامەت چىقىش كىمنىڭ غالىب، كىمنىڭ مەغلۇپ ئىكەنلىكىنى بېكىتىدىغان ئۆلچەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەڭ يامان بولغىنى دۇگىن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن ئۈچ چوڭ ئوق مەركىزى ئىتتىپاقى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلار: 1 ـ غەربتە گېرمانىيە بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق پۈتۈن ياۋروپانى باشقۇرىدىغان «بېرلىن ـ موسكۋا ئىتتىپاقى»، 2 ـ شەرقتە ياپونىيە بىلەن ھەمكارلىق ھاسىل قىلغان «موسكۋا ـ توكيو ئىتتىپاقى» ۋە 3 ـ جەنۇبتا «تېھران ـ موسكۋا» ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ چىقىشتۇر.

دۇگىننىڭ قارىشىچە، زامانىۋى دەۋردە دۇنياغا تەسىر قىلغان ئۈچ خىل سىياسىي نەزەرىيە بار بولۇپ، ئۇلار لىبېرالىزم، كوممۇنىزم ۋە فاشىزمدىن ئىبارەت. دۇگىننىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئامېرىكا دۇنيادىكى كىشىلىك ئەركىنلىك ۋە ئەركىن بازار بىلەن تەمىنلەيدىغان لىبېرالىزمنىڭ رەھبىرى. لىبېرالىزم 1945 ـ يىلى فاشىزم ۋە 1991 ـ يىلى كوممۇنىزم ئۈستىدىن غالىب كەلگەن. ئەمما دۇگىننىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئۇنىڭدىن باشقا ... لىبېرالىزم ھازىر ئەجەللىك كرىزىسقا دۇچ كېلىپ، مۇقەررەر ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ نەزىرىدە لىبېرالىزم پۈتۈن دۇنيانى ئىدارە قىلىشقا ماس كەلمەيدىغان سىياسىي نەزەرىيەگە ئايلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ قارىشىچە، لىبېرالىزم بەدەن ئەزالىرىنى ئەخلاق، ئەقىل ۋە دىنىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولىدۇ. شۇڭلاشقا دۇگىن ئۈچ نەزەرىيەنى ئۆلۈك دەپ قارايدۇ ۋە شەخس، ئىرق ياكى مىللەتچىلىكنى ئاساس قىلمايدىغان، بەلكى تېخنىكا تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان تونۇشىنى ۋە ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنى داۋاملىق تەكىتلەيدىغان «4 ـ سىياسىي نەزەرىيە» نى ئوتتۇرىغا قويغان. نەتىجىدە ئۇ 2009 ـ يىلى مەخسۇس «4 ـ سىياسىي نەزەرىيە» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ «ياۋرو ـ ئاسىيا تەسەۋۋۇرى»نى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدى. بىراق خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭمۇ 2013 ـ يىلى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر تەسەۋۋۇر بولمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» تەسەۋۋۇرى (يەنى خىتاينى مەركەز قىلغان يېڭى ياۋرو ـ ئاسىيا چۈشى) نى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە شۇ چاغدىن باشلاپلا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇش ۋە قىرغىن قىلىش جىنايەتلىرىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى. خىتاينىڭ تەلىيىگە رۇسىيە 2014 ـ يىلدىن بۇيان پۈتۈن دىققىتىنى شەرقىي ياۋروپاغا قارىتىپ، 2022 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇكرائىنادا ئۇرۇش پاتقىقىغا پاتتى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن خىتاي رۇسىيە مەركىزىي ئاسىيا ۋە يىراق شەرقتە قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى مانجۇرىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي مەۋجۇتلۇقىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋالغانىنى ئاز دەپ، 2017 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر مىللىتىنى مىللەت سۈپىتىدە قىرغىن قىلىشنى داۋام قىلماقتا.

ئۇنداقتا، پۇتىن رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنادىكى «تۆپ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش»تا مۇۋەپپەقىيەت قازانسا،كېيىنكى ئىشلار قانداق بولىدۇ؟

پەيلاسوپ ئالېكساندىر دۇگىن ياۋروپانىڭ تەدرىجىي ھالدا گېرمانىيە ۋە رۇسىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇندىن باشلاپلا تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقان بولۇپ، ھازىرقى رۇسىيەنىڭ ئاساسلىقى گېرمانىيەنىڭ تەبىئىي بايلىق ئېھتىياجىنى كونترول قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، پات ئارىدا بۈيۈك بىرىتانىيە يىمىرىلىپ، رۇسىيە كۆز ئالدىدىكى توسالغۇدىن خالاس بولغاندىلا، ئاندىن دۇگىن ئېيتقاندەك ئەڭ ئاخىرىدا «دۇبلىندىن (ئېرلاندىيەنىڭ پايتەختى)، ۋىلادىۋوستوكقىچە (رۇسىيەنىڭ ھازىرقى يىراق شەرقتىكى ئەڭ يىراق شەھىرى) سوزۇلغان غايەت زور يېڭى ياۋرو ـ ئاسىيا ئىمپېرىيەسى قۇرۇلۇپ، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى يەككە قۇتۇپلۇق دۇنياۋى تەرتىپكە خاتىمە بېرىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭغا ھازىر كېسىپ بىر نېمە دېمەك تەس.

### 4 . دۇگىننىڭ خىتاينى قاتتىق قورقۇتقان ۋە ئالاقزادە قىلغۇەتكەن مۇھىم نەزەرىيىسى:

غەربنىڭ ھۆكۈمدارلىرى شى جىنپىڭنىڭ «خىتاي چۈشى»گە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغۇاتقىنىغا ئوخشاش ئالېكساندىر دۇگىننىڭ «ياۋرو ـ ئاسىيا چۈشى»گىمۇ سەزگۈر مۇئامىلە قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن يۇقىرىقى ھەر ئىككى كىشىنىڭ قارا نىيىتى تولىمۇ خەتەرلىكتۇر. چۈنكى، ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن شى جىنپىڭ 2022 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال، ئۆزئارا تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدىكى ھەمكارلىق ئورناتقانلىقىنى جاكارلاپ، ئامېرىكانىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەندەك قىلغان بولسىمۇ، ئەمما دۇگىننىڭ 2022 ـ يىلى مارتتىكى سۆزىگە قارىغاندا، ھازىرقى خىتايمۇ چوقۇم يىقىلىشى ياكى پارچىلىنىشى كېرەك. دۇگىن خېلى بۇرۇنلا خىتايغا بولغان كۆز قارىشىنى مۇنداق ئىپادە قىلغان: «يېڭى رۇسىيەنىڭ ئاسىيادىكى ئارزۇسى ــــ خىتاي دۆلىتىدىكى ھەر قايسى زېمىنلارنىڭ پارچىلىنىشى ۋە بۆلۈنۈشى، جۈملىدىن مانجۇرىيە، ئىچكى موڭغۇلىيە، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خىتايدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشى ياكى رۇسىيە ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇشى، ھەمدە قالدۇق زېمىندىكى خىتاي دۆلىتىنىڭ سىياسىي ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ بۆلۈنۈشىنى تەقەززا قىلىدۇ». ئۇنىڭ مەزكۇر بايانلىرىغا قارىغاندا، رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇشى بارلىق غەرپ ئەللىرىگە پايدىلىق بولسىمۇ، بىراق خىتاينىڭ قولىدا جان تالىشىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى رۇسىيەنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن بىردەك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ھازىرقى دۇنيادا خورىتىش ئۇرۇشى ئارقىلىق زور پاتقاققا پاتۇرۇلۇشقا تېگىشلىك كۈچ ھەمكارلىق ئارقىلىق ياۋرو ـ ئاسىياغا خوجا بولماقچى بولغان رۇسىيە ئەمەس، بەلكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە زورلۇق كۈچ ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولماقچى بولغان خىتاي بولۇشى كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا دۇگىننىڭ قارىشىچە، ھازىرقى ياپونىيە رۇسىيەنىڭ يىراق شەرقتىكى تەبىئىي ھەمراھى بولۇپ، خىتاي رۇسىيە ئۈچۈن شەرقىي ئاسىيا ۋە يىراق شەرقتىلا ئەمەس، بەلكى شىمالىي ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىمۇ ئەڭ چوڭ تەھدىتتۇر. شۇ ۋەجىدىن دۇگىن كونا يۈز يىللىق رۇس ـ خىتاي ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىغا رۇس ـ ياپون ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، مانجۇرىيەنى خىتايدىن ئايرىش ئارقىلىق يىراق شەرقتىكى خىتاي تەھدىتىدىن، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيەنى خىتايدىن ئايرىش ئارقىلىق شىمالىي ئاسىيا ۋە سىبىرىيەدىكى خىتاي تەھدىتىدىن، ئۇيغۇر ۋەتىنى بولغان شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى خىتايدىن ئاجرىتىش ئارقىلىق مەركىزىي ئاسىيادىكى خىتاي تەھدىتىدىن، تىبەتنى خىتايدىن ئاجرىتىش ئارقىلىق جەنۇبىي ئاسىيادىكى خىتاي تەھدىتىدىن بىراقلا خالاس بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان. بىراق ئۇ چاغدا رۇسىيەنىڭ كۈچى كۈنىمىزدىكىدەك كۈچلۈك بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېلتسىن ھۆكۈمىتى ئۆز ئىچىدىكى چېچىن مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلالماي يۈرگەچكە، دۇگىننىڭ بۇ قارىشى ۋە تەشەببۇسى تەسەۋۋۇر پېتى قالغان. مانا ئەمدى رۇس فېدراتسىيىسى ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدا پاتقاققا پېتىپ قالغاندا، خىتاي پۈتۈن كۈچى بىلەن مانجۇرىيە، ئىچكى موڭغۇل، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى ھەربىي ۋە سىياسىي مەۋجۇتلۇقىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىپ، دۇگىننىڭ يۇقىرىقى «خىتاي نەزەرىيىسى»نىڭ راستىنلا ئەمەلىيلىشىپ قېلىشىدىن

ساقلىنىشقا ئۇرۇنماقتا. توققۇز مىليون ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈستى يېپىق جازا لاگېرلىرىدا ئون ـ تىنىسىز يوق بولۇش خەۋپىدە قېلىشى ۋە باشقا يىگىرمە نەچچە مىليون ئۇيغۇرنىڭ ئوچۇق تۈرمىگە ئايلانغان شەرقىي تۈركىستاندا پۈتۈن ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ھالدا جان قايغۇسىدا ئىڭراشلىرى ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ھەممە ئىشتا ئالدىن تەدبىر ئېلىش ۋە ھەددىدىن زىيادە سەزگۈر، ئېھتىياتچان ۋە ئىنسانلىقتىن مەھرۇم قالغان رەھىمسىز مەخلۇقلار بولغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

خۇلاسە قىلغاندا، دۇگىنىنىڭ 600 نەچچە بەتلىك ئىدىيەسىنى تۆۋەندىكىدەك بىرلا پىكىرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: «خاتا ئىتتىپاق ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلدى. ناۋادا ھىتلېر رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلمىغان بولسا، ئەنگلىيە ۋەيران بولغان بولاتتى. ئۇ چاغدا ئامېرىكا ئۆز زېمىنىنىڭ سىرتىدا ئۇرۇش قىلىش تۇگۇل، تاشقى جەھەتتە يېتىم ۋە ئىچكى جەھەتتە ھەر قايسى شتاتلار بۆلۈنمە ھالەتتە قېپقالغان بولاتتى. ئەنە شۇ چاغدا تەنتەك ياپونىيەمۇ بۈيۈك رۇسىيەنىڭ يىراق شەرقتىكى كىچىك ھەمراھى سۈپىتىدە ئىلگىرىكى كونا خىتايىنى ھازىرغىچە باشقۇرۇپ كەلگەن بولاتتى. شۇنداق بولغاندا، يېڭى ياۋرو ـ ئاسىيا ئىمپېرىيىسى يۈز يىل بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا چىققان بولاتتى».

ئۇنداقتا ئىرېلاندىيەدىن تىنچ ئوكيانغىچە سوزۇلغان بۇ ئىمپېرىيە چۈشى راستلا قۇرۇق خام خىيالمۇ؟ پۈتۈن دۇنيا ئەلۋەتتەشۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما مۇستەبىت كۈچلەر ۋە ئاچكۆز ھۆكۈمرانلار بۇنداق پىكىرلەرنى قۇچاقلىغاندا خام خىيالمۇ رېئاللىق بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق خام خىياللاردىن بىرىنى ئالېكساندىر دۇگىن سىزىپ چىققان بولۇپ، ئۇ 2021 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قاتاردىكى «ئەلجەزىرە» (يېرىم ئارال) قانىلىنىڭ بىر زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا پۇتىنىنىڭ رۇسىيەگە باراۋەرلىكىنى، ئۇنى تاشقى سىياسەتكە ئالاقىدار كۆپىنچە قارارنى ئۆزى بىر قوللۇق بەلگىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سۆزىنى رۇسىيەدە «قانۇن ھېچنەرسە ئەمەس، پەقەت رەئىس پۇتىنلا ھەممە نەرسە» دېگەن جۈملە بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى.

### 5. دۇگىنىنىڭ قىزى نېمە ئۈچۈن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى؟

2022 ـ يىلى 20 ـ ئاۋغۇست شەنبە كەچ دۇگىنىنىڭ 29 ياشلىق قىزى داريا موسكۋا ئەتراپىدا تويوتا ماركىلىق ماشىنىسى بىلەن بىللە پارتلىتىۋېتىلگەن. داريا 1992 ـ يىلى 15 ـ دېكابىر موسكۋادا تۇغۇلغان بولۇپ، پەلسەپەدە دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ فرانسۇز تىلىنى پىششىق بىلگەچكە، رۇسىيەنىڭ فرانسىيەگە قاراتقان تاشقى سىياسىتىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان. بىراق ئۇ ئاساسلىقى مۇخبىرلىق سالاھىيىتى بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان ئىدى. رۇسىيە دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگانلىرى 22 ـ ئاۋغۇست دارىيانى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن گۇماندارنىڭ 43 ياشلىق ئۇكرائىنالىق ئايال ناتاليا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. ئۇلار ئېلان قىلغان باياناتتا «ئۇكرائىنا ھەربىي قىسمىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ناتاليا بۇ يىل 23 ـ ئىيۇلدا قىزىنى ئېلىپ رۇسىيەپەرەس دونېتسك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نومۇر تاختىسى ئېسىلغان ماشىنا بىلەن رۇسىيەگە كىرگەن. موسكۋادا تۇرغان چاغلاردا قازاقىستاننىڭ نومۇر تاختىسىنى ئاسقان ناتاليا ۋەقە

يۈز بەرگەن هامان ھەيدەپ كەلگەن ماشىنىسىغا ئۇكرائىنا نومۇر تاختىسىنى ئالماشتۇرۇپ، ئېستونىيەگە كىرىپ كەتكەن» دېيىلدى. بىراق ئۇكرائىنا تەرەپ بۇ ئىش بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى.

ۋەقە يۈز بېرىپ ھايالشىمايلا نەق مەيدانغا يېتىپ بارغان ئالېكساندىر دۇگىن قىزىنىڭ پارتلاپ كەتكەن ماشىنىسىنى كۆرگەن ھامان ھوشىدىن كەتكەن. ئۇ موسكۋادىكى چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىلغاندىن كېيىن ئاران ھوشىغا كەلگەن. بەزى شاھىتلارنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، 20 ـ ئاۋغۇست شەنبە كەچ دۇگىن ۋە قىزى مەلۇم بىر ئاممۋىي مەدەنىيەت پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، قايتىش ئالدىدا دۇگىن بىردىنلا ئۆز ماشىنىسىنى قىزىغا بېرىپ، ئۆزى باشقا ماشىنا بىلەن ماڭغان ئىكەن. شۇڭا قەستلەش ئوبيېكتى دۇگىن ئىكەنلىكى، ئەمما ئۇقۇشماستىن قىزىنىڭ قازاغا ئۇچرىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، 22 ـ ئاۋغۇست ۋىلادىمىر پۇتىن رۇسىيەنىڭ دۆلەت بايرىقى كۈنى (2) مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان باياناتىدا دارىيا ھەققىدە تۇنجى قېتىم توختىلىپ، ئۇنى رۇسىيەنىڭ «ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر پۇقراسى» دەپ ماختاپ، ئۇنى قەستلەشنىڭ ناھايىتى قەبىھ ۋە ياۋۇز قىلمىش ئىكەنلىكىنى تەنقىد قىلغان دىنىسىرت، يەنە ئۇنىڭغا رۇسىيەلىك پۇقرالار ئىچىدىكى ئەڭ باھادىر كىشىلەرگە بېرىلىدىغان «رۇسىيە قەھرىمانى» ئوردېنى بەرگەن. بۇنداق ئوردېنغا ئەمەلىي ئۇرۇش تۆھپىسى يوق تۇرۇپ ئېرىشكەنلەردىن يەنە رامزان قادىروفمۇ بار.

دۇگىن بىر كۈن دوختۇرخانىدا ياتقاندىن كېيىن، 22 ـ ئاۋغۇست قىزىنى ئۇزىتىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ، قىزىنىڭ ئىنتىقامى ۋە قىساس ئېلىشنىڭ كىچىك ئىش ئىكەنلىكى، ھەقىقىي چوڭ ئىشنىڭ يەنىلا رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشى ئىكەنلىكى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلغان. نۆۋەتتە بۇ ۋەقە پەيدا قىلغان ئەنسىزلىك سەۋەبىدىن ئامېرىكا تەرەپ ئۇكرائىنادىكى پۇقرالىرىنى دەرھال ئۇكرائىنادىن چىقىپ كېتىشكە چاقىرىق قىلغان. بۇ ۋەقەنىڭ رۇسىيە ۋە ئۇكرائىنا ئارىسىدا يەنە قانداق كىرىزىسلارنى چىقىرىدىغانلىقى ھەققىدە ھازىرچە بىر نەرسە دېيىش قىيىن.

بەزى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات:

1 . بۈيۈك ئويۇن: مەزكۇر ئاتالغۇ 1807 ـ يىلى چاررۇسىيە بىلەن بۈيۈك بىرىتانىيە ئارىسىدا باشلانغان ياۋرو ـ ئاسىيادىكى كەڭ ۋە مۇنبەت زېمىنلارنى، بولۇپمۇ بىپايان مەركىزىي ئاسىيانى يۇتۇۋېلىشنى ئەسلى مەقسەت قىلغان يۈز يىللىق قارا نىيەتلىك كېڭەيمىچىلىك رىقابەت دەۋرىنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، «بۈيۈك ئويۇن» نامى بىلەن تارىخقا پۈتۈلگەن. بۇ كېڭەيمىچىلىك رىقابىتى بويىچە چاررۇسىيە 1808 ـ يىلى كاۋكاز تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھازىرقى ئەزەربەيجاننى ئىشغال قىلىپ، مەركىزىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان. ئەنگلىيەمۇ ھىندىستاندىن شىمالغا ۋە شەرققە قاراپ نوپۇزىنى كېڭەيتىپ، شىمالدا تۇنجى قېتىملىق ئافغانىستان ئۇرۇشىنى، شەرقتە تۇنجى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغاش

ئارقىلىق، مەركىزىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىياغا ئىچكىرىلەپ كىرىش قەدىمىنى باسقان. 1878 ـ يىلى يازدا ھالاك بولغان قەشقەرىيە ئۇيغۇر دۆلىتىمۇ مەزكۇر بۈيۈك ئويۇننىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ قۇربانلىقى سۈپىتىدە تارىختىن ئۆچۈرۈپ تاشلانغان ئىدى. بىراق 1905 ـ يىلدىكى چارروسىيەنىڭ ياپونلاردىن قاتتىق مەغلۇپ بولۇشى ۋە ياۋروپادا ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق كونا جاھانگىرلارنىڭ گېرمانىيەگە ئوخشاش يېڭى جاھانگىرنىڭ ھەربىي تەھدىتىدىن ئەنسىرىشى سەۋەبلىك 1907 ـ يىلى 31 ـ ئاۋغۇست، بۈيۈك بىرىتانىيە بىلەن رۇسلار ئارىسىدا «ئەنگلىيە ـ چارروسىيە كېلىشىمى» ئىمزالاندى. بۇ خەلقئارالىق مۇھىم شەرتنامە ھازىرغىچە رۇسىيە (چار، سوۋېت) ئىمپېرىيەسى ۋە ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى تەسىر دائىرىسىنى بەلگىلەپ كەلمەكتە. شۇنداق قىلىپ بۇ كېلىشىم ئاسىيادىكى يۈز يىللىق «بۈيۈك ئويۇن»غا خاتىمە بېرىپ، ئۈچ دۆلەت ئاتانتىسى (ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە رۇسىيەدىن ئىبارەت)نىڭ تەشكىللىنىشىگە ئاساس سالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەزكۇر ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقىغا قارشى گېرمانىيە، ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ۋە ئوسمانىيە ھەربىي ئىتتىپاقى شەكىللەندى. ئاقىۋەت، بۇ ئىككى چوڭ ھەربىي گۇرۇھ ئارىسىدا 1914 ـ يىلى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ ئۇرۇش، يەنى بىرىنچى قېتىملىق دۇنياۋى ئۇرۇش پارتلىدى.

## 2 . رۇسىيە فېدېراتسىيەسى بايراق كۈنى:

رۇسىيەنىڭ ھازىرقى دۆلەت بايرىقى بولغان ئۈچ خىل رەڭلىك بايراقنى تۇنجى قېتىم بۈيۈك پېتىر ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ كېيىنچە بۇ بايراقنىڭ ئوتتۇرىغا قوش باشلىق غەلىبە بۈركۈتىنى قوشقان. بىراق فرانسىيەدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن، يېڭى فرانسىيە بايرىقى رۇسىيە بايرىقىغا ئوخشاپ قالغاچقا، بۈيۈك پېتىر چارروسىيەنىڭ ئاق،كۆك ۋە قىزىل رەڭلىك بايرىقىنىڭ رەڭلىرىنى ئۆزگەرتكەن. ئارىدىن بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرقى چار پادىشاھ ئىككىنچى نىكولاي مەزكۇر بايراقنى قايتىدىن رەسمىي دۆلەت بايرىقى قىلىپ ئىشلەتكەن. بىراق ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولشېۋىكلار بايراقنىمۇ تەڭ رەت قىلغان. پەقەت 1991 ـ يىلى 22 ـ ئاۋغۇستقا كەلگەندىلا بۇ بايراق ئاندىن رۇسىيەنىڭ رەسمىي دۆلەت بايرىقى دەپ قوبۇل قىلىنغان. 1993 ـ يىلى دېكابىردا رۇسىيە دۆلەت دۇماسى ھەر يىلى 22 ـ ئاۋغۇستنى دۆلەت بايرىقى كۈنى قىلىپ بېكىتىپ، بۇ كۈننى دۆلەت خاراكتېرلىك خاتىرىلەپ كەلمەكتە.



# رىقابەتچان دوستلۇقنىڭ ئىجابىي كۈچى

دېيۋىد روبسون

# رىقابەتچان دوستلۇقنىڭ ئەجابىي كۈچى

دېيۋىد روبسون

ئادەتتە، كىشىلەرنىڭ كەسىپتىكى رىقابەتچىسى بىلەن دوست بولۇشى تەسكە توختايدۇ. ئەمما تەتقىقات دوستانە رىقابەتنىڭ بىزگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

كەسپىي رەقىبلەر بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك دوستلۇق ئورنىتىش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس. مۇناسىۋەتنىڭلار ياخشى باشلانغان تەقدىردىمۇ، رىقابەتتىن مەنبەلەنگەن رەشك ـ ھەسەت ئاسانلا بىر ـ بىرىڭلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىڭلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدىغان ئاداۋەتكە ياكى ئاشكارا توقۇنۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، بۇ خىل رىقابەتنىڭ سىزنىڭ قابىلىيىتىڭىزنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىڭىزغا تۈرتكە بولۇشى ياكى سىزنى ئۆز ئىقتىدارىڭىزدىن گۇمانلاندۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلىشى سىزنىڭ مىجەزىڭىزگە ۋە رىقابەتچىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنىڭ خاراكتېرىگە باغلىق.

گەرچە بۇ نىسبەتەن ئاز تەتقىق قىلىنغان تېما بولسىمۇ، پسىخولوگىيىلىك تەتقىقاتلار رىقابەتنىڭ بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ۋە ئىقتىدارىمىزغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا بىزنى رىقابەتچىلىرىمىز بىلەن تېخىمۇ دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدىغان ئۇسۇللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## تەھدىتمۇ، سىناقمۇ؟

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يېقىن خىزمەتداشلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە رىقابەتتىن شەكىللەنگەن زىتلىق تۇيغۇسىدىن ساقلانغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. سىزنىڭ ئۆزىڭىز بىلەن ئوخشاش كەسىپ باسقۇچىدىكى ۋە ئوخشاش كەچۈرمىشلەرگە ئىگە كىشىلەر بىلەن دوست بولۇش ئېھتىماللىقىڭىز يۇقىرى. لېكىن، كىشىلەرنى يېقىنلاشتۇرالايدىغان بۇ خىل ئوخشاشلىق تۇيغۇسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇقەررەر ھالدا ئىجتىمائىي سېلىشتۇرۇش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋال مۇناسىۋەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئانچە كۆرۈنەرلىك بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، سىز بىلەن تەڭ ئىش باشلىغان كىشىلەر تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلەپ كەتسە، سىزنىڭ «نېمە ئۈچۈن شۇنداق

بولىدۇ؟ تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتسەم، مەنمۇ شۇنىڭدىن كۆپ ئۇتۇقا ئېرىشەلەمدىم، يوق؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىشىڭىز تەبىئىي ئەھۋال.

تەشكىللەش ئىلمى تەتقىقاتچىلىرى ئۇزۇندىن بۇيان «رىقابەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ئاشۇرۇپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەڭ ياخشى قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ» دەپ قاراپ كەلگەندى. دەل شۇ سەۋەبتىن، نۇرغۇن شىركەتلەر قەستەن خىزمەتچىلەرنى ئۆزئارا رىقابەتكە سېلىپ، ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئەڭ يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرگە مۇكاپات بېرىپ كەلگەندى. لېكىن، رۇتگېرس ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش پەنلىرى دوتسېنتى كرىستوفېر تو (Christopher To) بۇ ھەقتە: «ئەمما، يېقىنقى پىسخولوگىيەلىك ئەسەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش نەتىجىسىگە كۆرە، بۇ ھەقتىكى دەلىل ـ ئىسپاتلار ئىككى بىسلىقتۇر» دېدى.

ئۇنىڭ نەقىل قىلىشىچە، مەلۇم بىر گۇرۇپپا تەتقىقاتچىلار يۈگۈرۈش كۇلۇبى ئەزالىرىدىن ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى كونكرېت رىقابەتچىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشنى تەلەپ قىلغان. تەتقىقاتتا قاتناشقۇچىلار ئومۇمەن رەقىبى مەيداندا بولغاندا تېخىمۇ روھلانغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋە بۇ خىل روھلىنىش ئۇلار يۈگۈرگەندە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەن. ئۇلار رەقىبى نەق مەيداندا بار ۋاقىتتا، بەش كىلومېتىر ئارىلىقنى رەقىبى يوق ۋاقىتتىكىگە سېلىشتۇرغاندا 25 سېكۇنت تېز يۈگۈرۈپ بولغان.

لېكىن، باشقا تەتقىقاتلاردا رىقابەتلىك مۇناسىۋەتنىڭ سىجىل پايدىسى بايقالمىغان. ھەتتا بەزى ئەھۋاللاردا، مۇئەييەن رىقابەتچىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە تەتقىقاتتا قاتناشقۇچىلاردىن ئۇلارنى مەغلۇب قىلىشنى تەلەپ قىلىش ئارقىلىق شۇلار بىلەن بولغان رەقىبلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىنغاندا، بۇ ئىشتىراكچىلارنىڭ ئىپادىسى ناچارلىشىپ كەتكەن. بۇ تەجرىبىلەردە، ئىجتىمائىي سېلىشتۇرۇشتىن خالىي ھالدا، قاتناشقۇچىلاردىن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنغاندا، ئۇلارنىڭ ئىپادىسى تېخىمۇ ياخشى بولغان.

ھالبۇكى، كرىستوفېر بۇ زىددىيەتلىك بايقاشلارنى ماسلاشتۇرۇشنىڭ بىر يولى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ نەزەرىيەسى ئىشتىراكچىلارنىڭ «بېسىم مۆلچەرى»گە، يەنى ئۇلارنىڭ رىقابەتنى تەھدىت ياكى سىناق دەپ قارايدىغانلىقىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. كۆپ تۈرلۈك تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىز مەلۇم بىر ئەھۋالنى تەھدىت دەپ تونۇساق، ئۆزىمىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا قادىر ئەمەستەك ھېس قىلىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان بارلىق ناچار ئىشلارنى، جۈملىدىن خورلۇق، ھۆرمەتتىن مەھرۇم قېلىش دېگەنلەرنى كاللىمىزغا كىرگۈزۈۋالىمىز ـ دە، بۇ خىل تەشۋىش جىسمانىي ۋە روھىي ئۇنۇمىمىزنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

ئەكسىچە، بىز ئەھۋاللارنى «سىناق» دەپ تونۇغىنىمىزدا، تەييارلىقىمىزنىڭ پۇختىلىقىغا ۋە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىزغا تېخىمۇ بەك ئىشىنىمىز. مەغلۇبىيەتنى كاللىغا كىرگۈزۈۋالغاننىڭ ئورنىغا، تىرىشچانلىقىمىزدىن نېمىگە ئېرىشىدىغانلىقىمىزغا ئەھمىيەت بېرىمىز. مەزكۇر بېسىم ئىنكاسى دىققەتنىڭ

چېچىلىشقا سەۋەب بولماستىن، بەلكى شجائەتنىڭ ئۇرغۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. «بۇ <رىقابەت سىزنى تەمتىرتىۋېتەمدۇ ياكى ھاياجانلاندۇرامدۇ؟> دېگەن مەسىلىدۇر» دەيدۇ كرىستوفېر.

سىزنىڭ رىقابەتچىلىرىڭىز بىلەن بىلەن بولغان رىقابەتنى سىناق ياكى تەھدىت دەپ قارىشىڭىزغا ئۇرغۇن ئوخشىمىغان ئامىللار ــــ جۈملىدىن، كىشىدىكى «ھۆددىسىدىن چىقالاش» تۇيغۇسى ــــ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر سىز قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىڭىزغا بەكرەك ئىشەنسىڭىز، رىقابەتنى سىناق دەپ قارايسىز. شۇنداقلا، بۇ جەھەتتە رەقىبىڭىز بىلەن بولغان ئۆتمۈشىڭىزنىڭمۇ تەسىرى بار. ئەگەر سىز ھېلىقى يۈگۈرۈش كۇلۇبىنىڭ ئەزالىرىغا ئوخشاش، رەقىبىڭىز بىلەن كۆپىنچە ئەھۋاللاردا تەڭلىشىپ قالسىڭىز ۋە سىلەر ئۆزئارا رىغبەتلەندۈرۈشۈپ تۇرساڭلار، مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ، خىجىللىق ياكى خورلۇق ھېس قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ خىل ئەھۋالدا، سىز رىقابەتنى ھەر ئىككىڭلار ئۆچۈن قابىلىيىتىڭلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتى دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن ۋە بۇ خىل تونۇش ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

ۋەھالەنكى، ئەگەر سىزنىڭ (رەقىبىڭىز بولمىش) بۇ كىشىگە ئەسلىدىنلا ئازدۇر-كۆپتۇر غۇمىڭىز بار بولسا، ئۇنداقتا ئىشنىڭ ئاكتىپ تەرىپىنى كۆرۈپ يېتىشىڭىز تەسكە توختايدۇ. بەلكىم رەقىبىڭىز ئىلگىرىكىدىنمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتكەن بولۇشى ۋە سىز شۇ سەۋەبلىك ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ ئەرزىمەس ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. سىز رەقىبىڭىزنىڭ كەلگۈسى غەلىبىسىنىڭ ئاراڭلاردىكى دەرىجە پەرقىنى تېخىمۇ زورايتىۋېتىشىدىن تەشۋىشلىنىشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان تەھدىت تۇيغۇسى ئۈنۈمىڭىزگە تەسىر يەتكۈزىدۇ ھەمدە سىزدە ئەسلىدىنلا بار بولغان غۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ.

كرىستوفېر ئىلمىي ئەسەلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا، پاسسىپ ئاقىۋەتنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا تەھدىت تەپەككۇرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەھۋاللاردا يۈز بېرىدىغانلىقىنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشتىراكچىلار رىقابەتنى ئاكتىپ سىناق دەپ قارىغاندا، بۇنىڭ كىشىگە رىغبەت سۈپىتىدە پايدا يەتكۈزىدىغانلىقىنى بايقىغان.

### ئۆز مەپتۇنلار بىلەن بولغان رىقابەت

كىشىلىك رىقابەتنىڭ خىزمەتداشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۇقەررەر ھالدا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ مىجەزىگىمۇ باغلىقتۇر. مەسىلەن، ئۆز مەپتۇنلۇق خاراكتېرىگە ئىگە كىشىلەر رىقابەتنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇپ چۈشىنىۋېلىشى مۇمكىن.

ھەددىدىن زىيادە ئۆزىگە مەپتۇن كىشىلەردە ئىمتىياز تۇيغۇسى ۋە ماختىلىش ئېھتىياجى بار بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە توختىماي باشقىلار بىلەن بەسلىشىدۇ. ئۇلار بۇ خىل تۇتۇمى سەۋەبلىك، ئۆزى بىلەن تونۇشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.

ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنى ئارقىدا قالغاندەك ھېس قىلسا، بۇنىڭغا ئانچە دوستانە مۇئامىلە قىلالماسلىقى مۇمكىن.

«ئۆز مەپتۇنلار ھەممە نەرسىنى دېگۈدەك ئەسلىدىنلا رىقابەتچان دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ» دەيدۇ مىچىگان شتاتىدىكى ئوكلاند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگىيە پەنلىرى پروفېسسورى ۋىرگىل زېيگلېر ھىل (Virgil Zeigler - Hill).

تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۆز مەپتۇنلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ باشقىلارنى چۈشىنىش ئۇسۇلىدا زور پەرقلەر مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنداقلار راي سىناش جەدۋەللىرىدىكى «مەن رەقىبىمنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن خۇشالمەن» دېگەندەك بايانلارغا قوشۇلۇشى؛ ئۆز ئورنىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، تۇگىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

يەنە بىر تۈردىكى ئۆز مەپتۇنلار بولسا باشقىلارنى چۈكۈرۈشتىن بەكرەك، ئۆزىنى ماختاپ-ئۇچۇرۇشقا مايىل كېلىدۇ (بۇلار راي سىناش جەدۋەللىرىدىكى «مەن تولىمۇ قالتىس» دېگەندەك بايانلارنى تاللايدۇ). گەرچە ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ دوستلۇق جەريانىدا قارشى تەرەپكە زىيان يەتكۈزۈش ئېھتىماللىقى تۆۋەن.

ئەگەر سىز بىرەر دوستىڭىز ياكى خىزمەتدىشىڭىز بىلەن ئارىڭىزدا جىددىيلىك پەيدا بولغانلىقىنى بايقىسىڭىز، بۇ نازۇك پەرقلەرنى تونۇپ يېتىشىڭىز تولىمۇ مۇھىم بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۆزىنى قوغداش تىپىدىكى ئۆز مەپتۇنلار (ئىقتىدار، ئۇنۇم جەھەتلەردىكى) ھەر قانداق سېلىشتۇرۇشتىن رىقابەتنىڭ پۇرىقىنى ھىدلاپ ئۈلگۈرۈشى مۇمكىن.

زېيگلېر ئۆز مەپتۇنلارنى لايىقىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ بۇ جەھەتتە خېلى ئوبدان پايدىسى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ شۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىزنىڭ ھەردائىم بەسلەشكۈسى كېلىپلا تۇرىدىغان دوستىڭىز ياكى خىزمەتدىشىڭىز بار بولسا، شۇنداقلا سىز بۇ مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىسىڭىز، ئامال تېپىپ ئۆزىڭىزنىڭ ئۇلارنى چوڭ بىلىدىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلىسىڭىز بولىدۇ.»

## يىرىكچىلىكتىن ساقلىنىش

ئەگەر سىز دوستىڭىز ياكى خىزمەتدىشىڭىز بىلەن بىۋاستە رىقابەتلىشىشكە مەجبۇر بولسىڭىز، كرىستوفېر سىزگە بۇ خىل رىقابەتتىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش جەھەتتە مەسلىھەت بېرەلەيدۇ.

بېسىم مۆلچەرى جەھەتتىكى تەتقىقاتلارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئالدى بىلەن پۇرسەتنى تەھدىت ئەمەس، بەلكى سىناق دەپ قاراشنىڭ يوللىرىنى تېپىش كېرەك. سىز مەغلۇپ بولغان تەقدىردە، ئۆز

ئورنىڭىزنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ۋە خىجىللىقتا قېلىشىڭىز مۇمكىنلىكى ھەققىدە كاللا قاتۇرغانىنىڭ ئورنىغا، ئۇنى ئۆز ئىقتىدارىڭىزنى سىنايدىغان ۋە غايىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان پۇرسەت دەپ قارىسىڭىز بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تەكلىپى «ئادەم بىلەن مەسلىنى ئايرىش»تۇر. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى قاتتىق بېسىمغا دۇچ كەلگەندەك ھېس قىلساق، ھەر خىل قورقۇنچلۇق سىنارىيەلەر كاللىمىزدا زاھىرلىنىشى؛ مەسىلەن، ئوي-خىيالىمىز قارشى تەرەپنىڭ قىلمىشلىرىدىلا قېلىشى، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىكى بارلىق مۇمكىنچىلىكلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىشىمىز مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇ بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزغا ھەرگىز ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە غۇم-ئاداۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ، خالاس. «(باشقىلارنىڭ قىلمىشىغا ئەمەس) پەقەت ئۆزىڭىزگە نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىڭىزغىلا كۆڭۈل بۆلۈڭ» دەيدۇ ئۇ.

ئاخىرىدا، ئۆز قىلمىشىڭىزنىڭ ئىمكانقەدەر ئوچۇق-يورۇق ۋە ھەمكارلىششچان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، ئەگەر سىز يېقىن خىزمەتدىشىڭىز بىلەن ئوخشاش بىر ئورۇنغا ئۆسۈشكە ئىلتىماس سۇنغان بولسىڭىز، بۇنى قارشى تەرەپكە ئوچۇق-ئاشكارە بىلدۈرۈشىڭىز كېرەك. ئەگەر ھەر ئىككىڭلار ھەممە ئىشنى ئوچۇق-ئاشكارا قىلساڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ ناچارلىق قىلىپ قويۇشىدىن گۇمانلانماسلىقىڭلار مۇمكىن. بۇ مۇناسىۋەتتىڭلارنىڭ يىرىكلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

دوستانە رىقابەتكە ئاقىلانە ھالدا، سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ھەممەيلەن ئەڭ ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۆز-ئارا ھۆرمەتلىشىش ۋە قايىل بولۇش، ئۆزئارا قوللىشىدىغان دوستلۇقنى ساقلاپ قېلىش تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ئىشلاردىندۇر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.bbc.com/worklife/article/20220824-the-positive-power-of-competitive-friendship



# ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن چېكىنىشى توغرىسىدىكى ئەلرايى

كەسىرىن شافىر

# ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئافغانىستاندىن چېكىنىشى توغرىسىدىكى بىر يىلدىن كېيىنكى ئەلرايىغا نەزەر

كەسېرىن شافېر

2021 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئامېرىكا ئافغانىستاندىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، ئافغانىستاندا يىگىرمە يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ھەربىي مەۋجۇتلۇقىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئامېرىكا ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرگەندىن كېيىن، تالىبان بۇ دۆلەتنى قايتىدىن تىزگىنلىدى ۋە نۇرغۇن ئافغانىستانلىقلار چەتئەللەرگە قېچىپ، مۇساپىرلار كرىزىسى پەيدا قىلدى. بۇ يەنە ئالدىنقى ئاينىڭ ئاخىرىدا ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇلدا ئىكەنلىكى بايقالغان ۋە ئامېرىكانىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ھۇجۇمىدا ئۆلتۈرۈلگەن «ئەلقائىدە» تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى ئەيمان زاۋاھىرىغا ئوخشاش غەربنىڭ نەزىرىدىكى «خەتەرلىك» شەخسلەرنىڭ ئافغانىستاننى بىخەتەر پاناھگاھ قىلىۋېلىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى ئەندىشىلەرگىمۇ سەۋەب بولدى.

بۇ ماقالىدە ئامېرىكا ئارمىيەسى ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ بىر يىلدىن كېيىن، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنىڭ مەزكۇر چېكىنىشكە ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا بولغان تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشتۇق. بۇ يەردىكى بارلىق بايقاشلار «پېۋ تەتقىقات مەركىزى»نىڭ ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئاساس قىلغان.

**1. ئەسكەر چېكىندۈرۈش مەسىلىسىدە:**

2021 ـ يىلى 8 ـ ئايدىكى ئەلرايى تەكشۈرۈشكە كۆرە، 54 پىرسەنت ئامېرىكالىق ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش قارارىنى توغرا دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تەخمىنەن ھەر ئون ئامېرىكالىقنىڭ تۆتى (42 پىرسەنتى) بۇ قارارنى خاتا دەپ قارىغان. بۇ خۇسۇستا، پارتىيە قوللىغۇچىلىرى ئارىسىدا روشەن پەرق بار ئىدى. دېموكراتچىلار ۋە دېموكراتچىلار پارتىيەسىگە مايىل پارتىيەسىز كىشىلەرنىڭ يەتمىش پىرسەنتى چېكىنىش قارارىنى توغرا دەپ قارىغان ھەمدە جۇمھۇرىيەتچىلەر ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە

مايىل پارتىيەسىز كىشىلەرنىڭ 34 پىرسەنتىمۇ بۇ باھاغا قوشۇلغان. لېكىن، جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى (64 پىرسەنتى) بۇ قارارنى خاتا دەپ قارىغان.

يەنە شۇ تەكشۈرۈشتە، قۇرامىغا يەتكەن ئامېرىكالىقلارنىڭ 69 پىرسەنتى ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىكى مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. 27 پىرسەنت كىشى ئامېرىكانى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، دەپ قارىغان. بۇ مەسىلىدە ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ تەرەپدارلىرى ئاساسەن ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغان بولۇپ، ھەر ئون كىشىنىڭ يەتتىسى ئامېرىكانى مەقسىتىگە يېتەلمىگەن، دەپ قارىغان.

ئامېرىكا ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشتىن ئىلگىرىلا، ئامېرىكالىقلار ئافغانىستان ئۇرۇشىغا گۇمان بىلەن قارايتتى. 2019-يىلى ئەتىيازدىكى بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈشتە، قۇرامىغا يەتكەن ئامېرىكالىقلارنىڭ 59 پىرسەنتى (بۇ ئۇرۇشنى قىلىشنىڭ ھەققانىي ياكى ئەمەسلىكىنى ئەمەس، بەلكى) ئامېرىكانىڭ چىقىمى ۋە ئېرىشىدىغان پايدىسىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئافغانىستاندىكى ئۇرۇشنى قىلىشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 36 پىرسەنت كىشى بولسا بۇ ئۇرۇشنى قىلىشقا ئەرزىيدۇ، دەپ قارىغان. ئامېرىكالىق سابىق ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى پىكىر پەرقىمۇ تەخمىنەن شۇ ئەتراپتا بولغان.

2. ئەسكەر چېكىندۈرۈش مەزگىلىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئامېرىكالىقلار بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئافغانىستان ۋەزىيىتىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى توغرا تاپمىغان. 2021-يىلى 8-ئاي ۋە 9-ئايلاردا، تەخمىنەن ھەر ئون كىشىنىڭ يەتتىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇ يەردىكى ۋەزىيەتنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئىپادىسىنى نورمال ياكى ناچار دەپ قارىغان بولسا؛ تەخمىنەن ھەر ئون كىشىنىڭ تۆتى ھۆكۈمەتنىڭ ئىپادىسىنى ناچار دەپ قارىغان. ھەر ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، ھۆكۈمەتنىڭ (ئافغانىستاندىكى) ئىپادىسى قالتىس ياكى ياخشى بولۇۋاتىدۇ دەپ قارايدىغان ئامېرىكالىقلار بەكلا ئاز بولغان. مەسىلەن، توققۇزىنچى ئايدىكى تەكشۈرۈشتە، پەقەت 24 كىشىلا شۇنداق دەپ قارىغان.

2021-يىلى 9-ئايدا، مۇتلەق كۆپ قىسىم جۇمھۇرىيەتچىلەر (82 پىرسەنت) ھۆكۈمەتنىڭ ئافغانىستان ۋەزىيىتىنى تولىمۇ ناچار بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. كونسېرۋاتىپ جۇمھۇرىيەتچىلەر ئارىسىدا بۇنداق قارايدىغانلار مۆتىدىل ۋە لىبېرال جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭكىدىن 21 پىرسەنت يۇقىرى بولغان.

دېموكراتچىلارنىڭ بەشتىن بىرىمۇ بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئافغانىستان ۋەزىيىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تەخمىنەن 38 پىرسەنت دېموكراتچىلار ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى يامان ئەمەس دەپ؛ قىرىق پىرسەنت دېموكراتچىلار قالتىس ياكى ياخشى، دەپ قارىغان.

3. بۈلتۈر 9-ئايدا، 56 پىرسەنت ئامېرىكالىق مىڭلىغان ئافغانىستانلىق مۇساپىرلارنى ئامېرىكاغا قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تەخمىنەن 42 پىرسەنت كىشى بۇنىڭغا قارشى تۇرغان.

بۇ جەھەتتىمۇ، پارتىيە تەرەپدارلىرى ئارىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپى ئېغىر بولغان. ئەينى ۋاقىتتا، جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ 63 پىرسەنتى ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن مىڭلىغان مۇساپىرنى قوبۇل قىلىشىغا يا قاتتىق (بۇنداقلار 34 پىرسەنت)، يا قىسمەن (بۇنداقلار 29 پىرسەنت) قارشى تۇرغان. 35 پىرسەنت جۇمھۇرىيەتچىلەر بۇ مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، دېموكراتچىلارنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلىشنى قوللىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شۇنداق قىلىشنى كۈچلۈك قوللىغۇچىلار ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن. بۇنى قوللىغان لىبېرال دېموكراتلارنىڭ نىسبىتى 87 پىرسەنت بولۇپ، كونسېرۋاتىپ ۋە مۆتىدىل دېموكراتچىلارنىڭكىگە (66 پىرسەنت) قارىغاندا كۆپ بولغان. لىبېرال دېموكراتلارنىڭ 49 پىرسەنتى ئافغانىستاندىن كەلگەن مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلىشنى كۈچلۈك قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

گەرچە ئامېرىكالىقلارنىڭ تەڭدىن تولىسى مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلىشنى قوللىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ئافغانىستاندىن ئامېرىكاغا كېلىدىغان كىشىلەرنى بىخەتەرلىك جەھەتتە يېتەرلىك تەكشۈرگەن ـ تەكشۈرمىگەنلىكىگە قارىتا پەرقلىق قاراشتا بولغان. تەخمىنەن 43 پىرسەنت ئامېرىكالىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇلارنى بىخەتەرلىك جەھەتتە يېتەرلىك تەكشۈرگەنلىكىگە قەتئىي ياكى مەلۇم دەرىجىدە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە؛ ئەمما 55 پىرسەنت كىشى بۇنداق قىلىنغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. دېموكراتچىلارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىگە بولغان ئىشەنچىسى جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان.

**4. 2022 ـ يىلى ئەتىيازدىكى 18 دۆلەتكە قارىتىلغان تەكشۈرۈشتە، خېلى كۆپ كىشىلەر ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن تولۇق ئەسكەر چېكىندۈرۈش قارارىنى توغرا دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر «ئامېرىكا چېكىنىش جەريانىدىكى ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىدى» دەپ قارىغان. ئەلرايى سىنالغان دۆلەتلەردىكى 52 پىرسەنت كىشى چېكىنىشنى توغرا تاللاش دەپ قارىسا، 39 پىرسەنتى بۇنى خاتا دەپ قارىغان.**

ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش جەريانىدىكى ئىپادىسى توغرىسىدا، بۇ دۆلەتلەردىكى جامائەت پىكرى تېخىمۇ سەلبىي بولغان. 56 پىرسەنت كىشى بۇ جەريان ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىدى، دەپ قارىسا، 33 پىرسەنت كىشى ياخشى بىر تەرەپ قىلىندى، دەپ قارىغان. تەكشۈرۈلگەن دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسىدە، يەنى پولشا ۋە مالايسىيادىلا قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئافغانىستاندىكى ئەھۋالنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىندى، دەپ قارىغان.

**5. 2021 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، كۆپىنچە ئامېرىكالىقلار تالىباننىڭ ئافغانىستاننى كونترول قىلىشى ئامېرىكانىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تەھدىت، دەپ قارىغان. 46 پىرسەنت كىشى تالىباننىڭ ئافغانىستاننى**

تىزگىنلىشىنى ئامېرىكا ئۆچۈن زور تەھدىت دەپ قارىسا، 44 پىرسەنت كىشى بۇنى كىچىك تەھدىت دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. جۇمھۇرىيەتچىلەر ئارىسىدا تالىبان كونتروللۇقىدىكى ئافغانىستاننى زور بىخەتەرلىك تەھدىتى دەپ قارايدىغانلار (61 پىرسەنت) دېموكراتچىلارنىڭكىدىن (% 33) خېلى بەكلا كۆپ بولغان.

2022 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى بىر تەكشۈرۈشتە، 55 پىرسەنت ئامېرىكالىق «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» بۇ يىل پرېزدېنت ۋە دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشى بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.pewresearch.org/fact-tank/2022/08/17/a-year-later-a-look-back-at-public-opinion-about-the-u-s-military-exit-from-afghanistan/



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا
## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر

(2022 -يىلى 8– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 8 – ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە)

## ئايلىق خەۋەر: مۇشۇ ئاي ئىچىدە ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار خەلقئارالىق مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر

(2022ـ يىلى 8ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن 8ـ ئاينىڭ 31ـ كۈنىگىچە)

### شى جىنپىڭ خىتاي كومپاتىيەسىنى خوڭكوڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەندە «خەلقنىڭ قەلبىنى ئۇتۇش»قا ئۈندىدى

**«CNN» تورىنىڭ 1ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنى «مىللىي قەد كۆتۈرۈش»نىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، خوڭكوڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەندە خەلقنىڭ قەلبىنى ئۇتۇشقا ئۈندىگەن.**

**شى جىنپىڭ بۇ تەلەپنى ئالدىنقى ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى قاتناشقان، «بىرلىكسەپ بۆلۈمى»نىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئالاقىدار يىغىندا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ خىتاي رەھبەرلىرى «بىرلىكسەپ بۆلۈمى»گە تاپشۇرغان بىر قانچە مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى ئىدى.**

**شى جىنپىڭ مەزكۇر يىغىندا بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھۆكۈمدارلىق ئورنىنى ساقلىشىدىكى مۇھىملىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، خوڭكوڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەندىكى خەلقنىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچەشنى جېكىلىگەن.**

### خىتاينىڭ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۆزىنىڭ «غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ جامائەت پىكرىگە بولغان مونوپوللۇقى»غا زەربە بەرگۈدەك جۈرئىتى بارلىقى ھەققىدە جار سالدى

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتا گېزىتى» تورىنىڭ 2 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي دۆلەت قارمىقىدىكى ئاساسلىق تېلېۋىزىيە گۇرۇھى بولمىش «مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بىناسىدىكى مالىمانچىلىق قاتارلىق ۋەقەلەرنى خەۋەر قىلغاندا غەرب تاراتقۇلىرىغا قارشى «ھۇجۇمنى مۇداپىئە قورالى قىلىپ ئىشلەتكەن»لىكىنى ۋە ھېكايە جېڭىدە داۋاملىق غەرب بىلەن تىركىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي كومپارتىيەسى قارمىقىدىكى «يېزىلىنىش» ناملىق ژۇرنالدا 1 ـ ئاۋغۇست ئېلان قىلىنغان ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇرۇشتىن يانمايدۇ، سۆزلەشتىن تارتىنىپ يۈرمەيدۇ ھەمدە غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ جامائەت پىكرىگە بولغان ئۈزۈن مۇددەتلىك مونوپوللۇقىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن ھۇجۇمنى مۇداپىئە قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ.»

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پارتكومىدىكىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان مەزكۇر ماقالىدە يەنە: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىستانسىمىزنىڭ خەلقئارا ئالاقە كۈچى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، چەتئەلدە تارقىتىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە كۈچەيدى» دېيىلگەن ۋە خىتاينىڭ ئۈشبۇ غوللۇق تاراتقۇسى بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خەلقئارادىكى جامائەت پىكرىنى خىتاي كومپارتىيەسىگە پايدىلىق يۆنىلىشكە بۇراش غەرىزىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان.

## ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو خىتاينىڭ ئامېرىكا ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەھدىت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە پرېزىدېنت بايدېننىڭ بۇ مەسىلىگە سەل قاراۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى

ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى ماركو رۇبىيو 6 ـ ئاۋغۇست «فوكس خەۋەرلىرى» توربىدا خىتاي تەھدىتى ۋە بايدېننىڭ خىتاي سىياسىتىگە ئالاقىدار مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلغان.

ئۇ ماقالىسىدە شۇنداق دېگەن: «پرېزىدېنت جوۋ بايدېن دۆلەت مەجلىسىگە قىلغان تۇنجى سۆزىدە خىتايغا قارشى قاتتىق تۇتۇمنى ئىزھار قىلغان ۋە مەيدىسى كەرگىنىچە ئۆزىنىڭ خىتايدىكى ماركسىزمچى دىكتاتورغا (يەنى شى جىنپىڭغا) ئامېرىكانىڭ ‹ئۆزىنىڭ

بارلىق مەنپەئەتىنى تولۇق قوغدايدىغانلىقىنى> ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ھالبۇكى، ئارىدىن 15 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن شۇ نۇقتا بارغانسېرى روشەنلەشتىكى، خىتاينىڭ ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ رەئىسگە قورالىق كۈچ بىلەن تەھدىت سېلىشىغا قارىماستىن، پرېزدېنتنىڭ سىياسەتلىرى ئامېرىكادىن بەكرەك خىتايغا نەپ بەرمەكتە».

ماركو رۇبىيو ئۆز ماقالىسىدە بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ قۇياش ئېنېرگىيە تاختىسى، توكلۇق ئاپتوموبىل قاتارلىق مەھسۇلاتلارغا قارىتىلغان باجنى تۆۋەنلىتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، ئەمما دۇنيادىكى قۇياش ئېنېرگىيە دەرىجىلىك كۆپ كرىستاللىق كرېمنىينىڭ (solar - grade polysilicon) سەكسەن پىرسەنتىنى ۋە توكلۇق ئاپتوموبىللارنىڭ باتارىيەسىنىڭ 76 پىرسەنتىنى خىتاي ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى، شۇڭا مەزكۇر باج كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنىڭ ئامېرىكاغا ئەمەس، ھەممىدىن بەك خىتايغا نەپ بېرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## كانادادا خىتاي پۇقرالىرىنىڭ كومپارتىيەدىن چېكىنىشتە يېڭى پەللە ياراتقانلىقىنى تەبرىكلەش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى

«theepochtimes» تورىنىڭ 6 - ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق «خىتاي كومپارتىيەسىدىن چېكىنىش يەرشارىۋى مۇلازىمەت مەركىزى»نىڭ مۇدىرى روڭ يى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، خىتاي كومپارتىيەسىدىن چېكىنگەنلەرنىڭ سانىنىڭ 400 مىليونغا يەتكەنلىكىنى جاكارلىغان ۋە كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەن ئۇشبۇ 400 مىليون خىتاي پۇقراسىنى جەسۇر دەپ ماختىغان.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى فالۇنگوڭ تەرەپدارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۈزلىگەن كىشىلەر كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدىكى «خىتاي شەھەرچىسى»دە نامايىش قىلىپ، 400 مىليون خىتاي پۇقراسىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكىنى تەبرىكلىگەن.

ئىگىلىنىشچە، خىتاي كومپارتىيەسىدىن، خىتاي كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىدىن ۋە خىتاي ئۆسمۈر ئاۋانگارتلار (پىيونېرلار) ئەترىتىدىن چېكىنىشكە تەشۋىق قىلىدىغان «ئۈچتىن چېكىنىش» ھەرىكىتى 2004 - يىلى باشلانغان.

## خىتاينىڭ ھەربىي مانېۋىرلىرى داۋاملىشىۋاتقان پەيتتە، تەيۋەن دائىرىلىرى خىتاينى «تاجاۋۇزغا تەييارلىنىۋاتىدۇ» دەپ ئەيىبلىدى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 6 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ رەئىسى نەنسى پېلوسىنىڭ تەيبېي زىيارىتىگە قايتۇرۇلغان ئېتىراز سۈپىتىدە باشلىغان كەڭ كۆلەملىك ھەربىي مانېۋىرنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بۇ مەزگىلدە، تەيۋەن دائىرىلىرى خىتاي ئارمىيەسىنى «تەيۋەن ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىشنى قەستلەۋاتىدۇ» دەپ ئەيىبلىگەن.

تەيۋەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6 ـ ئاۋغۇست تەيۋەن بوغۇزىغا «بىر قانچىلىغان» ئۇرۇش پاراخوتى ۋە ئايروپىلان ئەۋەتكەن.

خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇلىرى بولسا ئالدىنقى ھەپتىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا، مەزكۇر مانېۋىرنى «ئۇرۇش پىلانى مانېۋىرى» قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ جۇمە كۈنى تەيۋەننىڭ دېڭىز قىرغىقى ۋە تاغلىرىنى ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن ئارالغا يېتەرلىك دەرىجىدە يېقىنلاشقانلىقى ھەققىدە داۋراڭ سالغانىدى.

خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى شەرقىي ئۇرۇش رايونىنىڭ ھاۋا ئارمىيەسىگە قاراشلىق بىرىگادىسىدىكى بىر ئۇچقۇچى دۆلەت تاراتقۇسى بولمىش «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»گە مۇنداق دېگەن: «بۈگۈن مەن ۋە سەپداشلىرىم يېقىن ئارىلىقتىكى تەھدىت سېلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا ھەمدە تەيۋەن ئارىلىنىڭ دېڭىز قىرغىقى ۋە مەركىزىي تاغ تىزمىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بۇيرۇلدۇق».

## خىتاينىڭ يېڭى ج خ مىنىستىرى قوزغىغان «جىنايەتكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» ئۇيغۇرلارنىڭ كۆلپەتنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋەتتى

«theprint» تورىنىڭ 7 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ يېقىن گۇماشتىلىرىدىن بىرى بولغان ۋاڭ شياۋخوڭ 25 ـ ئىيۇن جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئاتالمىش سىياسىي مۇقىملىق ۋە ئىجتىمائىي كونتروللۇقنى كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە «جىنايەتكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» قوزغىغان.

ھالبۇكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ساقچى دائىرىلىرى مەزكۇر 100 كۈنلۈك «جىنايەتكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى»دىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارغا «دىنىي ئاشقۇن» ۋە «ئىككى يۈزلىمچى» دېگەن قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ، ئۇلارنى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇشقا باشلىغان.

خەۋەرلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ۋاڭ شياۋخوڭ ساقچى تارماقلىرىغا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 20 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ھارپىسىدا «ھەرقانداق بىخەتەرلىك خەۋپىنى تۈگىتىش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قەتئىي قوغداش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

بۇنداق ھەرىكەتلەردە، نوقۇل ھالدا بېكىتىلگەن «ئادەم تۇتۇش نورمىسى»نى توشقۇزۇش ئۈچۈنلا نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى شەرقىي تۈركىستاندا ئىنتايىن نورمال ھالەتكە ئايلانغان.

## ئەنگلىيەنىڭ باش ۋەزىر نامزاتلىرى خىتايغا دۈشمەن بولۇش جەھەتتە بەسلەشمەكتە

«theepochtimes» تورىنىڭ 9 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيەدىكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى تالىشىۋاتقان نامزاتلار، يەنى ئەنگلىيەنىڭ نۆۋەتتىكى دىپلوماتىيە مىنىستىرى لىز ترۇس بىلەن سابىق مالىيە ۋەزىرى رىشى سۇناك بەس ـ بەستە ئۆزلىرى ھوقۇققا ئېرىشكەن تەقدىردە، خىتاي كومپارتىيەسىگە نە قەدەر قاتتىق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە ئىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، پارتىيە ئىچىدىكى رەھبەرلىك رىقابىتىدە يېڭىپ چىققۇچى 9 ـ ئايدا ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بورىس جونسوننىڭ ئورنىغا يېڭى باش ۋەزىر بولىدىكەن.

لىز ترۇس بىلەن سابىق مالىيە ۋەزىرى رىشى سۇناك 25 ـ ئىيۇل BBC تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ نەق مەيداندىن تارقىتىلغان پروگراممىسىدا تۇنجى قېتىم مۇنازىرىلەشكەن ۋە BBC خىتايچە خەۋەر قانىلىنىڭ شۇ كۈندىكى خەۋىرىگە كۆرە، بۇ ئىككى نامزاتنىڭ مۇنازىرىسى «ئويلىمىغان يەردىن» خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتىگە مەركەزلىشىپ قالغان. شۇنداقلا، ھەر ئىككىيلەن خىتاينىڭ ئەنگلىيە ئۈچۈن تەھدىت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

ترۇس ئۆزى سايلانغان تەقدىردە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق سادىر قىلغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرىدىغان»لىقىنى ئىلگىرى سۈرسە، سۇناك خىتاينىڭ يۇمشاق كۈچ تەسىرىنى توسۇش ئۈچۈن، ئەنگلىيەدىكى «كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى»نىڭ ھەممىسىنى تاقىۋېتىش كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## خىتاي دائىرىلىرى تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەت ئۆمىكى ئەۋەتىشكە ماقۇل بولدى

«indiablooms» تورىنىڭ 9 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، 3 ـ ئاۋغۇستتىن 5 ـ ئاۋغۇستكىچە كامبودژادا ئۆتكۈزۈلگەن «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى»نىڭ يىغىنىغا قاتناشقان خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى، تۈركىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇشئوغلى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇنىڭغا تۈركىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خىتايغا كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ۋاڭ يى يەنە مەۋلۇت چاۋۇشئوغلىغا: «خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ھەرزامان ئوچۇق ـ يورۇقلۇق مەۋقەسىنى ساقلاپ كەلدى» دېگەن.

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتا گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، مەۋلۇت چاۋۇشئوغلى ئەنقەرە دائىرىلىرىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىدىلا ئەمەس، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىمۇ «بىر خىتاي سىياسىتى»دە، يەنى خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنداقلا، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى زىيارەت قىلغانلىقىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ۋە تۈركىيە زىيارەت ئۆمىكىنىڭ ئېلىپ بېرىلغۇسى زىيارىتى توغرىسىدا بېيجىڭ دائىرىلىرى بىلەن ئالاقىنى ساقلاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ھالبۇكى، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر مىشېل باچېلېتنىڭ ئىككى ئاي بۇرۇنقى شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى نەتىجىسىز ئاياغلاشقانىدەك، تۈركىيەدىن بارغۇسى ئۆمەكنىڭمۇ جازا لاگېرلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەمەس، زىيارەت ئۆمىكى بولىدىغانلىقىنى ۋە شۇ سەۋەبلىك زىيارەتنىڭ تامامەن خىتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشمەكتە.

## خىتاي دائىرىلىرى تەيۋەن ئەتراپىدىكى مانېۋىرنى ئاياغلاشتۇرغان بولسىمۇ، «جەڭ تەييارلىقى»نى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى

«قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 10 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ختاي دائىرىلىرى تەيۋەننىڭ ئەتراپىدىكى مانېۋىرنى ئاياغلاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئېخىمۇ ئېچكىرىلىگەن «مەشىق ۋە ئۇرۇش تەييارلىقلىرى»نى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

شۇنداقلا، ختاي ئاتالمىش «ئۇرۇش تەييارلىقى»نىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئەگەر تەيۋەننى «تىنچ ۋاستىلەر ئارقىلىق» قولغا كىرگۈزۈش مۇمكىن بولمىسا، قورال كۈچى ئىشلىتىشتىن يانمايدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى نەنسى پېلوسى ئالدىنقى ھەپتە تەيۋەننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ختاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەيۋەننىڭ ئاساسلىق ئارىلىغا يېقىن يەتتە چوڭ رايوندا راست ئوق ـ دورا ئىشلىتىلگەن ھەربىي مانېۋىر ئېلىپ بارغانىدى.

ھالبۇكى، 10 ـ ئاۋغۇست نەنسى پېلوسى NBC قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆزىنىڭ تەيۋەن زىيارىتىنىڭ «مۇتلەق» ئەرزىيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە: «بىز ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەننى يېتىم قالدۇرۇشىغا يول قويمايمىز. كىمنىڭ تەيۋەنگە بارسا بولىدىغانلىقىنى ئۇلار بەلگىلىمەيدۇ» دېگەن.

## ختاي دىپلوماتىك پەردازلاش ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا

«ئوتتۇرا شەرق كۆزەتكۈچىسى» تورىنىڭ 10 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ئوتتۇز دۆلەتتىن كەلگەن 32 نەپەر ئالاھىدە ئەلچى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتلاردىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ «ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى»نى كۆزدىن كەچۈرۈش مەقسىتىدە، شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان.

ئالدىنقى ھەپتە ئېلىپ بېرىلغان بەش كۈنلۈك بۇ زىيارەتكە ئالجىرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىراق، يەمەن ۋە پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئالاھىدە ۋەكىللەر قاتناشقان. ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەر ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىن سىرت، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى شەھىرى ئۈرۈمچىنىمۇ زىيارەت قىلغان ۋە ختاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۈي بىلەن كۆرۈشكەن.

ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۋا چۈنيىڭ مەزكۇر زىيارەت ھەققىدە: «ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقنى مەركەز قىلىش

پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاننى باشقۇرۇش ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ئىپتىنى» دېگەن.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەللەرنى نىشان قىلغان يادرولۇق تور تاراتقۇ سۇپىسى CGTN نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ۋەكىللەر ئۆمىكى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، دىنىي ئىناقلىق ۋە كۆلتۈرنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە شاھىت بولۇپ، مەزكۇر رايون بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن».

ئالاقىدار تەھلىلچىلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، گەرچە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مىسلىسىز جىنايەتلىرىنىڭ سان ـ ساناقسىز پاكىتلىرى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن خىتاي بۇ خىل پەردازلاش ئويۇنلىرىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدىكەن. شۇ ۋەجىدىن، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قىسمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان پائالىيەتچىلەرمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا خىتايغا قارشى تەشۋىقات سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىشى زۆرۈر ئىكەن.

## خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ۋابا سەۋەبلىك قالايمىقانچىلىق كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە قاتتىق تەدبىر قوللانماقتا

«japantimes» تورىنىڭ 15 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتە COVID ـ 19 ۋىرۇسى قايتىدىن يامرىغان بولۇپ، خىتاي دائىرىلىرى بۇ جايلاردا قاتتىق كارانتىن تەدبىرلىرىنى يولغا قويغان ۋە بۇ جەرياندا ئىلگىرى ھاكىمىيەتكە قارشى ئېتىرازلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ۋاسىتىلەرنى، ھەتتا ئاتالمىش «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» تەدبىرلىرىنىمۇ ئىشلەتكەن.

ئىگىلىنىشىچە، يىللار بويى تىبەتلەرگە ۋە ئۇيغۇرلارغا ئىشلىتىلىپ كەلگەن كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش تەدبىرلىرى بۇ قېتىمقى كارانتىن مەزگىلىدىمۇ قوللىنىلغان. خىتاي دائىرىلىرى بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كارانتىن تەدبىرلىرىگە قەتئىي بويسۇنغان ـ بويسۇنمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرماقچى ۋە شۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتە بۇ يىلنىڭ بېشىدا شاڭخەيدە يۈز بەرگەندەك كوللېكتىپ نارازىلىق قىلمىشلىرىنىڭ كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغان.

## خىتاينىڭ پەۋقۇلئاددە قاتتىق كارانتىن تەدبىرلىرى پۇقرالىرىنى چۆچۈتمەكتە

ئاۋستراليەدىكى «ABC» تورىنىڭ 16 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، شاڭخەيدىكى مەلۇم بىر ئىكىيا تاللا بازىرىدىكى بىر خىزمەتچىنىڭ تاجىسمان ۋىرۇس يۇقۇمدارى بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولغانلىقىنىڭ بايقىلىشى بۇ يەردە قاتتىق قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان.

ئالاقىدار ۋىدىيو ھۆججىتىدە كۆرسىتىلىشىچە، دائىرىلەر شاڭخەيدىكى مەزكۇر ئىكىيا تاللا بازىرىنى تولۇق كارانتىن قىلىش مەقسىتىدە، ئىچىدىكى خېرىدارلارنى سىرتقا چىققىلى قويماي، ئىشىكلىرىنى ئېتىۋالغاندا، خىتاينىڭ پەۋقۇلئاددە قاتتىق ۋە رەھىمسىز كارانتىن تەدبىرلىرىدىن چۆچۈپ كەتكەن خىتاي پۇقرالىرى ئىشىككە ئۆزىنى ئېتىپ، بىخەتەرلىك خادىملىرىنى توسۇقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، سىرتقا قېچىشقا باشلىغان.

بۇ يىلنىڭ بېشىدىكى قاتتىق قامالدا، كارانتىنغا پايلىمىغان بەزى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ بىنادىن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالغانلىقىغا ئالاقىدار ۋىدىيولار توردا كۆپلەپ تارقىلىپ كەتكەنىدى.

## نەنسى پېلوسى بىلەن بايدېننىڭ خىتايغا قاراتقان تۇتۇمىدا پەرق كۆرۈلدى

«newsweek» تورىنىڭ 17 ـ ئاۋغۇستتىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، بايدېننىڭ بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچىلىرى ئاۋام پالاتاسىنىڭ رەئىسى نەنسى پېلوسىنىڭ تەيۋەنگە زىيارىتىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، دەپ قارىغان. ئۇلار خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 95 يىل بولغان ۋە 2022 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پارتىيە قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، خىتاي كومپارتىيەسىنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغان. تېخىمۇ كۆپ نامىسىز ئۇچۇر مەنبەلىرى خىتاينىڭ ھەربىي ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان. پرېزىدېنت جو بايدېنمۇ بۇ ئەندىشىلەرنى ئاشكارا ئىپادىلەپ «ئارمىيە ھازىرچە بۇنى ئانچە ياخشى پىكىر ئەمەس، دەپ قارىماقتا» دېگەن.

2021 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ، پرېزىدېنت بايدېننىڭ خىتاي سىياستى ھەمكارلىق ۋە رىقابەتنىڭ نازۇك ئارىلاشمىسى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ (خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىق ۋە رىقابەتتىن ئىبارەت) ھەر ئىككى قارالمىنى بىر ـ بىرىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكۈزمەستىن تەڭ يولغا قويالايمەن، دەپ قارىغان. ئۇ بۇلتۇر ب د ت دا قىلغان سۆزىدە مۇنداق دېگەن:

«مىنگچە دۇنيادىكى بارلىق چوڭ دۆلەتلەر ئۆزئارا مۇناسىۋەتتىگە جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ ساغلام رىقابەتتىن توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك».

ھالبۇكى، نەنسى پېلوسى جوۋ بايدېننىڭ بۇ خىل تۇتۇملىرىغا ۋە خىتاينىڭ بولغۇسى ئىنكاسلىرىغا پەرۋا قىلماستىن تەيۋەننى زىيارەت قىلىۋەرگەن ۋە شۇ سەۋەبلىك خىتاي دائىرىلىرى ئۇنىڭغا ۋە بىۋاستە ئائىلە ئەزالىرىغا ئېمبارگو يۈرگۈزگەن. نەنسى پېلوسى بۇ ئېمبارگوغا قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقى توغرىسىدا سورالغان سوئالغا: «ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدىم، بۇنىڭغا كەم پەرۋا قىلىدۇ دەيسىز؟» دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنى نەزەردە ساقىت قىلالمايدىغانلىقىنى، بۇ قېتىملىق تەيۋەن زىيارىتىدىن پۇشايمان قىلمايدىغانلىقىنى تەكرار تەكىتلىگەن.

## ب د ت نىڭ ئالاھىدە تەكشۈرگۈچىسى ئۆز دوكلاتىدا «شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرمەكتە» دەپ يەكۈن چىقاردى

ئاۋستىرالىيەدىكى «ABC» تورىنىڭ 18 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالاھىدە تەكشۈرگۈچىسى تومويا ئوبوكاتا تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان مەجبۇرىي ئەمگەككە دائىر دوكلاتتا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقانلىقى خۇلاسىلەپ چىقىلغان. 16 ـ ئاۋغۇست ئېلان قىلىنغان مەزكۇر دوكلاتتا شۇنداق دېيىلگەن:

«ئالاھىدە تەكشۈرگۈچى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق ۋە يەرلىك باشقا مىللەتلەر دېھقانچىلىق ۋە ياسىمچىلىق قاتارلىق ساھەلەردە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتىدۇ، دەپ يەكۈن چىقىرىشنى مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ ... ئالاھىدە تەكشۈرگۈچىنىڭ قارىشىچە، نۇرغۇن ئەھۋاللاردا بۇ كىشىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمگىكىنىڭ مەجبۇرىيلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كۆرسەتكۈچلەر مەۋجۇت ... بەزى ئەھۋاللار ھەتتا ئۇلارنى قۇل قىلىشتەك ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنى تەشكىل قىلىشى مۇمكىن ...».

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا ئىككى خىل ئالاھىدە «دۆلەت ھوقۇق بەرگەن» سىستېما مەۋجۇت. بىرى كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش مەركىزى سىستېمىسى بولۇپ، بۇ يەردە يەرلىك مىللەتلەر «تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ»؛

يەنە بىرى ئەمگەك كۆچلىرىنى يۆتكەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سىستېمىسى بولۇپ، بۇ يېزىدىكى ئىشچىلارغا قارىتىلغان.

خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى 17 ـ ئاۋغۇست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك مەۋجۇتلۇقىنى رەت قىلىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىگەن ۋە مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن ب د ت تەكشۈرگۈچىسى تومويا ئوبوكاتانى «خىتايغا قارشى كۈچلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا توقۇپ چىققان كاززابلىقى ھەم ساختا ئۇچۇرىغا ئىشىنىش» بىلەن ئەيىبلىگەن.

## خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىناپ، مانېۋىر جەريانىدا ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈردى

«wionews» تورىنىڭ 19 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى شەرقىي تۈركىستاندىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى يۇقىرى بولغان رايوندا يەر يۈزىدىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى سىناق قىلىپ، نىشانلانغان ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرگەن.

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتا گېزىتى»نىڭ تورىغا كۆرە، 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، يەنى ھىندىستاننىڭ دۆلەت مۇستەقىللىق كۈنىدە، خىتاينىڭ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4500 مېتىر (14760 فۇت)دىن ئاشىدىغان ئېگىزلىكتە «يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان يېڭى تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا» سىنالغان، راست ئوق ـ دورا ئىشلىتىلگەن مانېۋىرنى نەق مەيداندىن ئۇلاپ تارقاتقان.

ھەربىي كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن قارىغاندا، بۇ HQ ـ 17A تىپلىق ئايروپىلانغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئۇ بىرلا ئاپتوموبىلغا سىغىدىغان، بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن سىستېمىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئىنتايىن ھەرىكەتچان ۋە دەل جايىغا تەگكۈزەلەيدىكەن.

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتا گېزىتى»نىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ھەربىي كۆزەتكۈچىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ خەۋەر قىلىشىچە، مەزكۇر سىناق «ھىندىستان

بىلەن خىتاينىڭ تالاش ـ تارتىشتىكى چېگراسىنى بويلاپ ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ھىندىستان ـ ئامېرىكا بىرلەشمە مانېۋىرى»غا قارشى چۆچۈتۈش رولىنى ئويناشنى مەقسەت قىلغانىكەن.

## خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» ئافغانىستاندا كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى

«theprint» تورىنىڭ 21 ـ ئاۋغۇستتىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئافغانىستان خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ چەكلىمىلىكلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن، چۈنكى گەرچە خىتاي تالىبان بىلەن قويۇق ئالاقە ئورناتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» ئارقىلىق بۇ يەردە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمىغان.

خىتاي ئاپپاراتلىرى ئافغانىستانغا مىليون دوللارلاپ ياردەم قىلغان، ھەتتا خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ۋاشىڭتوننى ئافغانىستاننىڭ ئامېرىكا مەركىزىي بانكىسىدىكى توڭلىتىلغان يەتتە مىليارد دوللار مەبلىغىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل پالاقلاشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئافغانىستاندا كونكرېت ئۈنۈمنى كۆرسەتمىگەن ۋە خىتاينىمۇ ئۆز مۇددىئاسىغا يەتكۈزەلمىگەن.

خىتاي تالىباننىڭ ئۇيغۇر مۇجاھىدلارنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئافغانىستاندىكى پائالىيىتىنى ئازايتىشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تالىبان ئۇنداق قىلمىغان. ھەتتا «پاكىستان تالىبان ھەرىكىتى» (TTP) بالۇچىستاندىكى ئۆكتىچى كۈچلەرنى ۋە خىتاينىڭ پاكىستاندىكى مەنپەئەتىنى نىشان قىلغان باشقا قوراللىق ئۇنسۇرلارنى تەربىيەلىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، تالىبان خىتاي بىلەن پۈت تىپىشىپ تۇرىدىغان ھىندىستانغا يېقىنلىق ئىزھار قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دەسلەپكى مۆلچەرلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەن.

## خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئۈستىدىن ئارگېنتىنا سوتىغا ئەرز سۇنۇلدى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 26 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيە خەلقئارا قانۇن ئادۋوكاتى مايكول پولاك ۋە ئارگېنتىنالىق ئادۋوكاتلاردىن گەبرىئېل كاۋاللو، خۇئان نېتو قاتارلىقلار «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ۋە «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى»غا

ۋاكالىتەن، ئارگېنتىنا جىنايى ئىشلار سوتىغا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئۈستىدىن ئەرز سۇنغان.

ئىگىلىنىشچە، مەزكۇر ئەرزنامىدە خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئېلىپ بېرىۋاتقان جىنايەتلىرى ھەمدە بۇ جىنايەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ جاۋابكارلىرى كۆرسىتىلگەن. ئارگېنتىنا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە سادىر قىلىنغان ئادەم قىيناش جىنايەتلىرىدىن ھېساب سوراش ھوقۇقى بار ئىكەن.

مەزكۇر ئەرزنىڭ سۇنۇلۇشى دەسلەپكى مۇھىم قەدەم بولۇپ، ئەگەر سوتچىلار دېلو تۇرغۇزۇشنى قارار قىلسا، جىنايەتنى تەكشۈرۈپ تەھقىقلەش باسقۇچى باشلىنىدىكەن. «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» بىلەن «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى» سوتقا تېخىمۇ كۆپلۈك دەلىللەرنى سۇنۇپ، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى ئىسپاتلايدىكەن.

## ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئېلان قىلىش-قىلماسلىقتا خىتاينىڭ بېسىمىغا قاراپ قارار چىقارمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 26-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەلجەزىرە خەۋەر قانىلىنىڭ ۋىدېيولۇق زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت مۇخبىرنىڭ خىتاينىڭ بېسىمىغا ئالاقىدار سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە، «مەيلى مەن بۇ دوكلات ئېلان قىلاي ياكى قىلماي، بۇ جەھەتتە خىتاينىڭ بېسىمىنى ئۆلچەم قىلمايمەن» دېگەن.

شۇنداقلا، باچېلېت مەزكۇر زىيارەت داۋامىدا ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى داۋامىدا خىتايغا بولغان يۇمشاق پوزىتسىيەسىنى ئاقلاپ، ئۆزىنىڭ 17 يىلدىن بۇيان خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن تۇنجى كىشىلىك ھوقۇق كومىسسارى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى توغرىسىدىكى ئەندىشىسىنى خىتاينىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىگە بىلدۈرگەنلىكىنى ئېيتقان.

شۇنداقلا، مىشېل باچېلېت 31 ـ ئاۋغۇست ۋەزىپە مۇددىتى ئاياغلىشىشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئېلان قىلىشنىڭ بەسى مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

## ئامېرىكانىڭ دوكلاتىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئالاقىدار سادالارنى باستۇرۇش تاكتىكىسى پاش قىلىندى

«aninews» تورىنىڭ 26 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكانىڭ بىر پارچە دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارغا ۋە يەرلىك باشقا مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر ھەققىدە خەۋەر بەرگەن مۇستەقىل ئۈچۈر مەنبەلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن تىزگىنلەشكە ۋە ئۇلارغا قارا سۈركەشكە ئۇرۇنغان.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ 24 ـ ئاۋغۇستتىكى دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «خىتاينىڭ ئۈچۈر تاكتىكىسىدا، بىر تەرەپتىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي بايانلىرىغا زىت مەزمۇنلارنى زىيارەت قىلىش چەكلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقئارالىق ئۈچۈر مۇھىتىنى خىتاي تارقاتقان ئۈچۈرلار بىلەن تولدۇرۇش ئارقىلىق، تەنقىدىي ئۈچۈرلارنى مۇشۇ خىل ئۈچۈر قايناملىرىغا غەرق قىلىۋېتىش مەقسەت قىلىنغان».

مەزكۇر دوكلاتتا خىتاينىڭ ئىزدەش موتورى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كەڭ كۆلەملىك ئۈچۈر تارقىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ دەپ قارالغان ئۈچۈرلارنى «خىتايپەرەس» ئۈچۈرلار ئارىسىغا غەرق قىلىۋېتىشۋاتقانلىقى ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئۈچۈرلارنى توختىماي تارقىتىشۋاتقانلىقى قاتتىق تەنقىدلەنگەن.

## خىتاينىڭ قىرغىزىستان تاراتقۇلىرىدىكى تەسىرى كۈچەيمەكتە

«ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى» تورىنىڭ 27 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي قىرغىزىستاننىڭ مەبلەغ يېتىشمەيۋاتقان ئاخبارات ساھەسىگە كۆپلەپ مەبلەغ سېلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تاراتقۇ ئۇقتۇرۇشلىرىنى كېڭەيتىپ، يەرلىك شىركەتلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، قىرغىزىستاننىڭ ئۈچۈر ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا ئىكەن.

«ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئاكادېمىيەسى» 25 ـ ئاۋغۇست بىشكەكتە ئېلان قىلغان مەزكۇر دوكلات خىتاينىڭ قىرغىزىستان تاراتقۇ ساھەسىگە سوقۇنۇپ كىرىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغان كۆپ يىللىق تەتقىقات پروجېكتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ. مەزكۇر پروجېكتتە خىتاينىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە ئىجابىي ھېكايىلەرنى يارىتىش، ئامېرىكا ۋە غەرب ھەققىدە پاسسىپ سىياسىي تېمىلارنى تارقىتىش؛ شۇنداقلا، خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەنپەئەتى ـــ مەسىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە قوشنا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋە يەرلىك باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ جازا لاگېرلىرىغا سولانغانلىقى ھەققىدىكى ئەندىشىلەر ـــ توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى باستۇرۇش ياكى يېپىش ئۈچۈن قوللانغان تاكتىكىلىرى تەتقىق قىلىنغان.

خىتاي ئەڭ ئاساسلىقى قىرغىزىستان تاراتقۇلىرىغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق، جىددىي مەبلەغ كەمچىل بولۇۋاتقان بۇ ساھەنى تەدرىجىي چاڭگىلىغا كىرگۈزمەكتە ئىكەن.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى


جايا پاتاك
ئەنگىلىيەدىكى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش ئوقۇغۇچىلار
ھەرىكىتىنىڭ رەئىسى جايا پاتاك خانىقىز



ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival
بەزىلەر مۇۋەپپەقىيەتنى چۈشەپ ياتقاندا باشقىلار ئاللىقاچان ئويغىنىپ، ئىشنى باشلاپ بولىدۇ.